مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

# قەشقەردىكى يادىكارلىقلاردىن تەرمىلەر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



٤. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچىدىن بىر كۆرۈنۈش

# مۇندەرىجە

كاشا سەنئەت ماكانىدىكى يادىكارلىق — ھېيتگاھ
جامەسى ........................................ 1
ھېيتگاھ مەيدانى .................................. 12
مەھمۇت قەشقەرى مازىرى ........................... 17
يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى ........................ 31
ھەزرەت ........................................ 44
قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمىي دەرۋازىلىرى .............. 55
يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى ............................ 65
ئەنجان رەستىسى .................................. 73
ئىپچىنشلىق نالە - زار ۋە باياشاتلىق كۆلكىلىرى
قاپلىغان جاي ...................................... 78
قەشقەردىكى تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى — نوبېشى
مەكتەپ ......................................... 84
قەشقەردىكى تۇنجى ئاياللار مەكتەپلىرى ............... 98
قەشقەردىكى تۇنجى خەرىتە .......................... 104
كېرەمباغ ........................................ 109
ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن
پۇللار .......................................... 113
قەشقەرنىڭ لەگلەك سەنئىتى ......................... 123



# كاشا سەنئەت ماكانىدىكى يادىكار- لىق — ھېيتگاھ جامەسى

«كاشىگەر، كاشىنگار، كاشغەر...» ئاتالمىسى بىلەن شۆھرەتلەنگەن قەشقەر شەھىرى قەشقەر خەلقىنىڭ ئىپتىخارىدۇر. بۇ ئىپتىخار بۇ دىياردا ياسالغان مەسچىت جامە، مەدرىسە، مازار... لارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان شەكىللىرىدە نامايان بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان قەد كۆتۈرۈپ كەلمەكتە.

ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى پۇختىلىقى، مېمارچىلىقتىكى گۈزەل ۋە سىپتىلىكى، نەپىس ئويما - نەققاشچىلىقىنىڭ يۈكسەكلىكى سۆزىمىزگە ئىسپاتتۇر.

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇنىڭدىكى ئايۋان، كايىۋان قۇرۇلمىلىرى، سېھىرگەرلىك ياغاچ ئويمىلىرى، ئېگىز پەشتاق، گۈمبەز - مۇنارلىرى ھۈنەر- ۋەن خەلقىمىزنىڭ تالانت، ماھارەت، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نە قەدەر ئۇستۇنلۇكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسى 500 يىللىق تارىخقا ئىگە.

«جامە» ئەرەبچە «يىغقۇچى، توپلىغۇچى، جەممىي قىلغۇچى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ كۆپچىلىك

نىڭ يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان جايىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھېيتگاھ جامەسى بىنا بولغاندىن تارتىپ بىر قانچە قېتىم ياسالدى، ھەر بىر ياسىلىشتا ئورنى، كېڭەيدى، ھۆسنى گۈزەللەشتى، پۇختىلاندى، بولۇپمۇ ئاخىرقى ياسىلىشى 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى باشتىن ئۆتكۈزدى. شۇڭلاشقا، بۇ جامە دىيارىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئاسارە - ئەتىقىسى بولۇپ كەلمەكتە.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئورنى ئەينى چاغدا شۇ ئەتراپتىكى قەبرىستانلىقلارنىڭ بىر چېتىدە بولۇپ، كىشىلەر بۇ قەبرىستانلىقتا كۆمۈلگەنلەرنى زىيارەت قىلىشقا چىققاندا قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىدىغان سۇپا - سەھنە ئىدى. بۇ سۇپا - سەھنە بارا - بارا ناماز ئوقۇيدىغان جايغا ئايلاندى. ھىجرىيە 846 - يىلى (مىلادىيە 1443 - يىلى) بۇ يەرگە كىچىككىنە بىر مەسچىت ياسالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەنە شۇ جاي ھازىرقى جامەنىڭ خانىقاسى ئورۇنلاشقان يەر ئىكەن. ئىككىنچى قېتىم تارىخىي ھىجرىيە 944 - يىلى (مىلادىيە 1537 - يىلى) ئوبۇلھادى بەگ دېگەن كىشى بۇ قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي يېنىدىكى تاغىسى مىر ئەزىز ۋەلى دېگەن كىشىنىڭ قەبرىسى شەرىپى بىلەن بۇ ئاددىي مەسچىتنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ئازنا مەسچىتكە ئايلاندۇرۇپ ياساپ قويدى. مىر ئەزىز ۋەلىنىڭ مەقبەرىسى «پاقالچاق مازار» نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، «قوناق سارىيى» نىڭ ئالدىغا جايلاشقان. «قوناق سارىيى» كېيىنكى كۈنلەردە ئادەتتىكى قونالغۇ (دەڭ - سارايى) لىق-

تىن سۇدا، سازىنىغا ئايلانغاندا، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سول يېنىدا لاتا ئەلەم (توغ) لار ئارتىلغان، قوشقارنىڭ قوش مۈڭگۈزلىرى تىكلەنگەن بىر مازارلىق يولدىن كۆ-رۈنۈپ تۇراتتى. ئۈچىنچى قېتىم قەشقەر يېڭىشەھەرگە تەۋە خانئېرىق چارقىلىق يېزىسىدىن بولغان زۇلفىيە خانىم دېگەن ئايال ھەجگە توپلىغان زاد- راھىلە (يول خىراجەت) پۇلىنى ئىشلىتىپ، ھىجرىيە 1201- يىلى (مىلادىيە 1787- يىللىرى) بۇ مەسچىتنى كېڭەي-تىپ قايتا ياسىغان. تۆتىنچى قېتىم ئىسكەندەر ۋاڭ ئۆز-نىڭ گۈمبىزىنى ياساتقاندا، ھىجرىيە 1224- يىلى (مىلادىيە 1809- يىلى) بۇ مەسچىتنىمۇ يېڭىلاپ، يېنى-غا كۆل كولاتتى، ئەتراپىغا دەرەخ تىكتى. گۈزەل تۈس كىرگۈزدى. بەشىنچى قېتىم قاتتىق يامغۇر يېغىش بىلەن مەسچىتنىڭ تورۇسلىرى چۈشۈپ كەتكەچكە، شەھەرلىك ئىدىرغوجا ئەۋرىشىمكار دېگەن كىشى رېمونت قىلدۇردى (بۇنىڭ تارىخى روشەن ئەمەس). ئالتىنچى قېتىم قەشقەر (سۇلى) نىڭ ھېكىم بېگى تۇرپانلىق زوھۇرىدىن ھېكىم ھىجرىيە 1255 - يىلى (مىلادىيە 1839 - يىلى) شە-ھەرنى كېڭەيتكەندە بۇ مەسچىتنىمۇ چوڭايتىپ، بۇرۇنقى يېزا مەسچىتىدىن شەھەر ئىچىدىكى مەھەللىۋى ئازنا مەس-چىتكە ئايلاندۇردى.

——«شاھ زوھۇرىدىن سۇلى ئامبال قىلىپ شەھەرنى بىنا ا» (كاتىپ نورۇز «زىيائى» شېئىرىدىن)

...نى يەتتىنچى قېتىم ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) تەرىپىدىن ھىجرىيە 1291 - يىلى (مىلادىيە 1874 - يىلى) چوڭايت-

ىنىپ قايتا ياسالدى ۋە بۈگۈنكى شەكلىگە كىرگۈزۈلدى.
ىدە بىر قانچە مۇ ئورۇننى ئىگىلىگەن بۇ جامەنىڭ ئىچى
ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر قىسمى ناماز ئو-
قۇيدىغان ئىبادەتگاھ، يەنە بىر قىسمى ئىلىم تەھسىل
قىلىدىغان مەدرىسە ئىدى. ئىبادەتگاھ ئورنى: خانىقا،
ئايۋان، كايىۋان، سەھنە، مەرئالاردىن تەركىب تاپقان
بولۇپ، خانىقا چوڭ كەتكەن بىر زالدىن ئىبارەت قۇرۇلما،
ئالتە بوغۇم (ئارا) قىلىپ ئۈستى ۋاسا بىلەن يېپىلغان،
ھەر ئارىلىق ئوچتىن تۈۋرۈك بىلەن توختىتىلغان. ئۇنىڭ
چوڭ - كىچىك ئالتە ئىشىكى بار بولۇپ، يورۇق چۈشۈ-
رىدىغان سەككىز چاغرىسى بىلەن بىر دانە چوڭ پولات پەن-
جىرىسى بار. چاغرىلار كىرىشتۇرۇلگەن ئويما ياغاچ
بىلەن ياسالغان بولۇپ، كۆرۈنۈشى ئاددىي، ئەمما سەن-
ئىتى ئالىي ئىدى. خانىقانىڭ ئاسمىسىز توختىتىلغان تو-
رۇسلىرى، ئۈستىلىق بىلەن تىزىلغان جەگە ياغاچلىرى
تامنىڭ ئۈستىگىلا قويۇلغان بولۇپ، 1902 - يىلدىكى
چوڭ يەر تەۋرەشنىڭ قاتتىق سىلكىنىشلىرىگىمۇ چىداشلىق
بېرەلىگەن ئىدى؛ شۇنىڭدەك، خانىقانىڭ ئالدىنقى قىس-
مىدىكى مېھراب (ئىمام تۇرىدىغان جاي) ۋە ئۇنىڭ يې-
نىغا قويۇلغان ياغاچ مۇنبەر (خاتىپنىڭ سۆز قىلىش
ئورنى) قانچە - قانچە ئىمام، خاتىپلارنى ئۆتكۈزگەن ئىدى.
خانىقانىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە چوڭ ھەجىم-
دە ياسالغان ئىككى دانە كايىۋان بار، بۇ كايىۋانلاردا
بىر غۇلاچ چوڭلۇقتىكى 104 دانە تۈۋرۈككە مىندۇرۇلگەن
رام - تورۇسلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، بۇلارمۇ

ئاسمىنى ھاۋادا تامغا قوندۇرۇلغان. خانىقانىڭ شەرقـ
دوۋىسى قانچە مۇرەككەپ ئارىلىقلاردىن قۇرۇلغان ئەنە
شۇنداق 1.8 دانە يوغان ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ كۆتۈرۈشى
بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پېشايۋىنى بار. پېشايۋان
نىڭ مەخسۇس مېھراب قىسمى ۋە ئۇنىڭ چۆرىلىرى قاتۇ-
رۇلغان گەجدىن ئويۇپ چېقىلغان نەقىشلەر بىلەن
زىننەتلەنگەن بولۇپ، بۇ نەقىشلەر كۆزنى چاقنىتىدۇ.
پېشايۋان ئالدىدىكى شاھ سۇپىلار ئىبادەت ۋە ئارام
ئېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى سۇپىلار
ئەينى چاغلاردا مەھكىمە شەرئىيە قازىلىرىنىڭ «مۇراپىئە»
ئاتالغان يازلىق ئىش بېجىرىش ئورنى بولۇپ خىزمەت
قىلىنغان ئىدى. سۇپىلارنىڭ ئالدىدىكى سەينا ۋە باراقسان
سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ مەنزىرىسى كىشىلەرنى مەپتۇن
قىلىدۇ.

جامەنىڭ ئىبادەتگاھ (مەسچىت) قىسمى بىلەن
مەدرىسە قىسمىنى ياغاچ ۋادەك ئايرىپ تۇرىدۇ. ۋادەك
(رېشاتكا) نىڭ تاشقى تەرىپى «مەدرىسە» دېيىلىپ،
تەخمىنەن ئون مولۇق زېمىننى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ شەرق،
شىمال، ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە 6.0 تىن ئارتۇق ھۇجرىسى
بار بولۇپ، بۇ ھۇجرىلاردا مۇدەررىسلەر، قارىيلار، خەت-
تاتلار، تالىپلار، شاگىرتلار ئورۇنلاشقان.

بۇ مەدرىسە شەھەر ئىچىدىكى 1.7 مەدرىسىنىڭ بىر-
ى بولغىنى ئۈچۈن، كۈچلۈك مۇدەررىسلەر ئەرەب، پارس
تىللىرىدىن دەرس ئۆتەتتى. قارىيلار قىرائەتتىن تەلىم
ئالاتتى. مەشھۇر خەتتات سابىت ئاخۇن خەلپىتىم ئەكب-

يېنىكى كۆلىلەردە زىيائىدىنى مەخسۇم ملازمەشق (ھۆسن خەت)
ئۆگەتكەن ئىدى. جامەنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە ئىشلىگان
ھازىرقى چوڭ لەۋھەتاختا يىدىكى چوڭ خەتلىك ئايەتلەرنەنە
شۇ زىيائىدىن مەخسۇم تەرىپىدىن 1936 - يىلى يېزىل-
غان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى مەدرىسە - مەسچىتلەرنى
ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئىشلىگان ئىدى.

جامە ئىچىدىكى ھۇجرىلار گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان
بولۇپ، ئالدىدىكى چوڭ - چوڭ سۇپىلار تالىپلارنىڭ
دەرس مۇتالىئە قىلىش ئورنى ئىدى.

1933 - يىلى ماۋارىپ مۇدىرى ئابدۇكېرىمخان
مەخسۇم جامە مەنزىرىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ،
قىرى - دوڭغۇل دەرەخلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا
ياش كۆچەتلەرنى قويغۇزۇپ ھۆسن يەڭگۈشلىگەن ئىدى.
بۇ ئورۇندا چوڭ - كىچىك تۆت كۆل بار ئىدى. ئىككىسى
پاكىز سۇ بىلەن خەلقنى تەمىنلىسە، بىرى لايلاتما، يەنە
بىرى «سىپسىق سۇ ئامبىرى» ئىدى. چوڭ كۆلنىڭ سۈيى
مەسچىت ئەھلىنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، يۇز-
لىگەن سۇساتقۇچى ئابكەشلەرنىڭ ياغاچ سوغىلىرى
ئارقىلىق ئەتراپتىكى كىشىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى.

بۇ جامەنىڭ شەرقىدە بىرلا چوڭ دەرۋازىسى بو-
لۇپ، غەربىدە ھەيتىدە بىر قېتىم ئېچىلىدىغان كىچىك
ئىشىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرقىي شىمالىدا ھۇجرا
ئاستىغا ياسالغان قاراڭغۇ بىر يولىمۇ بار ئىدى. ھېيت -
ئايەم كۈنلىرىدە قاتناش جىددىيلىكى بولغان سەۋەبلىك،
مەھمۇت مۇھتەسىپلىك تەشەببۇسى بىلەن 1936 - يىلى

شىمال ۋە جەنۇبىتىن ئىككى دانە يان دەرۋازا ئېچىلىپ قاتناش ئوڭايلاشتى.

بۇ جامەنىڭ تېشىدا جامە تېمىغا تۇتاش سېلىنغان نەچچە يۈزلىگەن ۋەخپە دۇكانلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجارە كىرىمىدىن 55 پىرسەنتى مەسچىتكە، 45 پىرسەنتى مەدرىسىگە ئىشلىتىلەتتى.

هېيتگاھ جامەسى ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) تەرىپىدىن 1874 - يىلى قايتا ياسالغاندىن كېيىن، گۈزەل تۈستە ياسالغان ئېگىز پەشتاق، گۈمبەز، مۇنار، چوڭ دەرۋازىلىرى جامە شەرقىدىكى هېيتگاھ مەيدانىدىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ مىمارلار يالغۇز جامەنىڭ ئىبادەتگاھلىق ئورنىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى هېيتگاھ مەيدانى ئۈچۈنمۇ جۈملىدىن، شەھەر ئۈچۈنمۇ كاتتا ھۆسن بەخش ئېتىدىغان بېزەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىمارلار يالغۇز گۈزەللىك كۆرۈنۈشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ھەر يىلدىكى ئىككى قېتىملىق ھېيتنىڭ تەنتەنىسى بۇ ئورۇنغا مۇجەسسەملىشىدۇ. پەشتاق ئۈستىدە گۈمۈرلەپ ناغرىلار چېلىنىدۇ. سۇنايىنىڭ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئاۋازى پەلەككە كۆتۈرۈلىدۇ. ياشلار پەشتاق سۇپىسىنىڭ ۋە ئىككى يېقىدىكى ئېگىز مۇنارلارنىڭ بەش بۇرجەكلىك روجەكلىرىگە شاتۇتىدەك قونۇپ ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى تاماشىدىن زوقلىنىدۇ. ناغرىنىڭ رىتىملىق ئاۋازىغا ماسلاشقان يۈزلىگەن ساماچىلار جامەنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ساما ئۇسۇلىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ...

قەشقەر هېيتگاھ جامەسىنىڭ پەشتاق ۋە مۇنارلىرى

1874 - يىلى ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ياسالغانلىقىنى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەنە شۇ چاغدىكى قورۇلۇشقا بەگلەردىن ئالداش دادخا دېگەن كىشى مەسئۇل قىلىنغان، لېكىن، پەشتاقتا يانداش سېلىنغان گۈمبەز نىمە سەۋەبتىندۇر پەشتاقتىن پەسرەك ياسىلىپ قالغانلىقتىن، ئۇ گويا دالدىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان كىشىدەك كۆرۈنەتتى. قورۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ ئۇرۇمچى سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ بۇنىڭغا قاتتىق ئۆكۈنگەن ھەمدە دادخانى جازالىغان. پەشتاقنىڭ سول تەرىپىدىكى مۇنارى دەرۋازىدىن خېلىلا نېرى سېلىنغان، بولسىمۇ ئەمما، ئوڭ تەرەپتىكىسى يېقىن بولۇپ، تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بەرگەن. بۇنىڭغا قارىتا بەزىلەر: «مۇنار سېلىنىدىغان جايدا بىر تاۋاقچى ئايالنىڭ دۇكىنى بولۇپ، ئۇ، بۇ مۈلكىنى سېتىپ بېرىشكە ئۇنىمىغان، زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشماقچى بولۇشقاندا شەھەرنىڭ چوڭ قازىسى موللا مۇھەممەدى قازى كالان «مەسچىتكە كىشىنىڭ ھەققى قوشۇلغاندا، ئىبادەت دۇرۇس بولمايدۇ» دەپ توسقان، شۇنىڭ ئۈچۈن «بىر مۇنار دەرۋازىغا يېقىن بولۇپ قالغان» دېيىشسە، بەزىلەر «جامە يېنىدىكى كىچىك مەسچىتنىڭ مەزىرە مەسىلىسى توسقۇن بولغان» دېيىدۇ.

جامە دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ يېقىنىدا كىچىك بىر مەسچىت باز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ساتىراشلار ئورۇنلاشقان ئىدى (بۇ مەسچىت 1937 - يىلى قوشۇۋېتىلگەن)، ئۇنى قەشقەرلىك ئوبۇلھەسەن بەگ دېگەن كىشى

ياسىتقان. بۇ مەسچىت ئورنىتى كىچىك بولسىمۇ، ئازنا
مەسچىت بولغىنى ئۈچۈن ۋەخپىلىرى كۆپ ئىدى. ھېيتگاھ
مەيدانىنىڭ شەرقىي - شىمالىي بۇرجىكىدىكى «تىللا
سارايى» دەپ ئاتالغان جاۋاھىرات سودىگەرلىرى ئورۇن-
لاشقان سارايمۇ ئۇنىڭ ۋەخپىلىرىدىن ئىدى. بۇ مەسچىت
جامە كېڭەيتىلىپ ياسىلىشتىن ئىلگىرى ياسالغان بولۇپ،
خۇش مەنزىرىگە ئىگە ئىدى. جامەنىڭ ئىچى بۇ مەسچىت-
نىڭ غەربىي قىسمىغا قىستاپ سېلىنغانلىقتىن، ئەگەر
مۇنارنى بۇ جايغا قوپۇرغاندا، مەسچىت قاراڭغۇلۇق
ئىچىدە قېلىپ، مەنزىرىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان بولاتتى.
شۇڭلاشقا، ئوبۇلھەسەن بەگ قارشى چىققانلىقتىن، ئىلا-
جىسىز مۇنار دەرۋازىنى يېقىنراق جايغا قوپۇرۇل-
غان ئىدى.
ھىجرىيە 1319 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى)
قەشقەردە قاتتىق زىلزىلە (يەر تەۋرەش) ھادىسىسى
يۈز بېرىپ، ھېيتگاھ جامەسىمۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئىدى،
جامە جانىبقاسىنىڭ ئوڭ تەرىپى (شىمالىي)دىكى كايىۋان-
نىڭ بىر قىسمى يىمىرىلىپ، تاملىرى چۈشۈپ كەتكەن،
شۇنىڭدەك، پەشتاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى مۇنارى ئازراق
سىڭايان بولۇپ، ھەر ئىككى مۇنارنىڭ ئۈستى تەرىپى
ئۆچۈپ كەتكەن. شۇ چاغدىكى داڭلىق بايلاردىن مۇسا
بايۇپلار بىلەن ئاخۇن بايۇپلار ئوتتۇرىسىدا ياساش تالىش-
شىشى يۈز بېرىپ، قايتا ياساش ئىككى يىلغىچە كېچىكتۈ-
رۈلگەن. ئاخىرى ئاخۇن بايۇپلاردىن تۇردى ھاجىم ياسات-
ماق بولغان. تۇردى ھاجىم ئەنە شۇ چاغدا پالەچ كېسەل-

لىكنى بىلەن يېتىپ قالغانلىقتىن ئىنىسى كېرىم ئاخۇنباي
ئاكىسىغا ۋەكالىتەن رېمونت قىلدۇرغان.

جامەنىڭ شەرقىي تېمى كىچىك مەسچىت، ھاممىلار
بىلەن ئورالغان بولسىمۇ 1937 - يىلدىكى شەھەر كوچا
ئىسلاھاتىدا بۇ ئىنشائاتلار ئېلىپ تاشلىنىپ، پەشتاقنىڭ
ئوڭ تەرىپى ھېيتگاھ مەيدانىغا قارىتىپ ياغاچ شادىلا
ئورنىتىلدى، بۇ شادىلار ئارىسىدىن ئىككى - ئۈچ ئىشىك
ئېچىلىپ، قاتناشقا ئوڭچا يولىق تۇغدۇرۇلدى، ھېيتگاھ مەنزى-
رىسى كۆركەملەشتۈرۈلدى. كېيىنكى كۈنلەردە شادىنىڭ
ئورنىغا دۇكانلار سېلىنىپ، تىجارەتچى ۋە كاسىپلارنىڭ
دۇكان ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

پەشتاقنىڭ سول تەرىپىدە بۇرۇن مانجۇ ھاكىمىيى-
تى تەرىپىدىن پەشتاق سۇپىسىغا يۆلەندۇرۇپ بىر قانچە
چوڭ ھەجىملىك تاش تاختىلار تۇرغۇزۇلغان بولۇپ،
ئۇلارغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە خەتلەر ئويۇلغان.
ئۇلارنىڭ بەزىسى پەرمان خاراكتېرلىك بولۇپ، چەت ئەل
پۇقرالىرىنىڭ زىيارەت قىلىشىغا تېگىشلىك بەزى كۆرسەت-
مىلەر قەيت قىلىنغان بولسا، بەزىلىرىدە ھۆكۈمدارلارنىڭ
ئىش ئىزلىرىنى قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر يېزىلغان ئىدى.
بۇ تاشلار كېيىنكى يىللاردا ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ چوڭقۇر-
لۇقلىرىغا كۆمۈۋېتىلگەن. (مەيدان بۇرۇن بەكمۇ چوڭقۇر-
لۇقتا بولۇپ، ھەتتا جامەگە كىرىدىغان كىشى 13 پەلەم-
پەيدىن چىقىشقا توغرا كېلەتتى. مەيدان تۈزلەنگەندە
توپا تۆكۈپ ئېگىزلىتىلگەن. ئەنە شۇ ئېگىزلىتىشتە تاش-
لارمۇ چوڭقۇرلۇققا كۆمۈۋېتىلگەن ئىدى.)

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئۆز ھاياتىدا بىر قانچە دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى؛ XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا مانجۇ ھۆكۈمدارى لى جويا تەرىپىدىن «بۇتخانا» قىلىش ئۈچۈن بىر قېتىم تارتىۋېلىندى؛ 1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تەركىبىدىكى 8 - دىۋىزىيىنىڭ چۇشكۇن قىلىشىغا ئۇچرىدى؛ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بىر مەزگىل تاقىۋېتىلدى ...

ھېيتگاھ جامەسى ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت خىراجىتى بىلەن ئىككى قېتىم چوڭ رېمونت قىلىندى. يېقىندا پەشتاق ۋە گۈمبەزلەركە قىلىنغان يەنە بىر قېتىملىق رېمونت بۇ ئورۇنغا يەنىمۇ ھۆسن بېغىشلىدى.

1962 - يىلدىن باشلاپ بۇ جامە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنىغا ئايلىنىپ، قىممىتى تېخىمۇ ئاشتى.

بىز كاشى سەنئەت ماكانىدىكى بۇ يادىكارلىقنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۆلىگىدىكى مىمار سەنئىتىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈن ۋە نەپىس ئىكەنلىكىدىن يەنە بىر قېتىم ئىپتىخارلىنىمىزكى، ئۇ بولسىمۇ خەلقىمىزنىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى تالانتىنىڭ بىر نەمۇنىسى ۋە نامايەندىسىدۇر.

# هېيتگاھ مەيدانى

مەشھۇر جايلار تارىخىدا ئەزەلدىن ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن قەدىمىي شەھەر — قەشقەر شەھرى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى بولغان ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ نامى — شەرىپى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېڭىز — ئوكيانلاردىنمۇ ھالقىپ، ھەممىنى ئۆزىگە تەلپۈندۈرمەكتە. شۇڭلاشقا بۇ جاينىڭ بەرپا بولۇش ۋە گۈللىنىش تارىخىدىن كىشىلەرنى خەۋەردار قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

شەھەر مەركىزىدە خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك جۇلالاپ تۇرىدىغان ھېيتگاھ مەيدانى بىلەن جامە ئادەتتە بىرلا ۋاقىتتا كۆزگە كۆرۈنگەن «قوشكېزەك» تەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى جاينىڭ بەرپا بولۇش ۋە گۈللىنىش تارىخى بىر — بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ، يەنى، جامە 1400 — يىلىدىن 1870 — يىلغىچە بولغان 470 يىل جەريانىدىكى بىر نەچچە قېتىملىق ئۆزگەرتىپ ياسىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق شەكىللەنگەن بولسا، جامە ئالدىدىكى مەيدان پەقەت 1870 — يىلدىن كېيىن ئاندىن ھېيتگاھلىق شەكلىنى ئالغان.

ردىن ھازىرقى ھېيتگاھ مەيدانىنى 1839 - يىلدىن بۇرۇن تۆت ئەتراپىنى سازلىق ۋە قومۇشلۇق قاپلىغان بىر زاراتگاھلىق ① ئىدى. سازلىق كۆپرەك ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، شەھەرنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئەتراپىدىكى يېزىنى ئايرىپ تۇراتتى، قومۇشلۇق ئىچىدە ھەر خىل ئۇششاق ياۋايى ھايۋانلار ياشايتتى، زاراتگاھلىقتا بولسا «ئەزىزلەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىرقانچە چوڭ قەبرە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئەينى چاغدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى بولغان «توققۇزاق دەرۋازىسى» نىڭ غەربى (يۇقىرىدا ئېيتىلغان سازلىقنىڭ بىر قىسمى) دىن بىر كىلومېتر يىراقلىقتا «قوناق (قونالغۇ) سارىيى» بار بولۇپ، شەھەرنىڭ غەربىدىكى بىرقانچە يېزىدىن سودا - سېتىق ئۈچۈن كەلگەن دېھقانلار ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن شۇ سارايدا قونۇپ، ئەتراپتىكى بازارلاردا سودا - سېتىق ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتەتتى.

مانجۇ ئەمەلدارى زوھورىدىن ھېكىمبەگ 1839 - يىلى قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىشكە كىرىشىپ، ھازىرقى بەزى كىشىلەر ئاغزىدا «تاشقىرىقى شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان جايلارنىمۇ شەھەر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزدى.

---

① 1715 - يىلدىكى ئەرەب ئىستىلاسىدا قوماندانلىرىدىن ئايرىلغان بىر بۆلۈك كىشىلەر يۇرتتا قالغان بولۇپ، بۇلاردىن قىيازا تاپقانلار جەسىتى ۋە 11 - ئەسىردىكى «دۆلەتى ئەرسلانخان» كە يارىدەم بېرىش ئۈچۈن ئىراقتىن كەلگەنلەردىن ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىتى ھېيتگاھ ئورنىدىكى سازلىققا دەپنە قىلىنغان. كېيىن شەھەر خەلقىنىڭ جەسىتى زاراتگاھلىققا ئايلىنىپ قالغان.

يازلىق ۋە قومۇشلۇقنى ئۆزگەرتتى، «ئەزىزلەر» قەبرىسى بىر نەچچە ئورۇندا قالدۇرۇلغاندىن باشقا، زاراتگاھلىق-مۇ بۇزۇپ تاشلىنىپ شەھەر ئىچى خېلىلا كېڭەيدى ھەمدە زاراتگاھلىق ئىچىدىكى كونا مەسچىت چوڭايتىپ ياسىلىپ جامە شەكلىگە كىرگۈزۈلدى. 1870 - يىلى «بەدۆلەت» — ياقۇپبەگ بۇ جامەنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، پەشتاق ۋە مۇنارلارنى ياسىتىپ تېخىمۇ ھەشەمەتلىك تۈسكە كىر-گۈزدى. جامەنىڭ شەرقىدىكى (ئالدى تەرەپتىكى) بىر بوشلۇق كىشىلەر توپلىشىپ ھېيت ① - ئوينايدىغان مەي-دانغا ئايلىنىپ «ھېيتگاھ» دەپ ئاتالدى. ھەر يىلى ئىككى قېتىم كېلىدىغان ھېيت كۈنلىرىدە چوڭ كىشىلەر بۇ مەيدانغا توپلىشىپ پەشتاق ئۈستىدە ياڭراۋاتقان ناغرا - سۇنايلار تەڭكەشلىكىدە ھېيت پەيزىنى سۈرسە، ياش - ئۆسمۈرلەر پەشتاق ۋە ۋادەكلەرگە چىقىۋېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بولدى. مەيداننىڭ تۆت ئەتراپى سارايى، دۇكان ۋە رەستىلەر بىلەن ئورىلىپ، جىمجىت

---

① «ھېيت» دېگەن بۇ سۆز ئەرەبچە «ئىيد» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «قايتىپ كەلمەك»، ئىشلىتىلىشى مەنىسى «خۇشاللىق» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «ئىيد» سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «گاھ» قوشۇلسا، «ھېيت ئوينايدىغان ئورۇن» ياكى «خۇشاللىق قىلىنىدىغان ئورۇن» دېگەن مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما بەزىلەر «ھېيتگاھ» سۆزىنى «ھېيتكار» دەپ يازىدۇ ياكى ئاتايدۇ. «كار» دېگەن سۆز پارسچىدا «ئىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ھېيت سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «كار» قوشۇلسا، ئۇ چاغدا بۇ مەيداننىڭ ئىسمى «ھېيتنىڭ ئىشى» ياكى «ئەمەلىيەتنىڭ ھېيتى» دېگەنگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ-دە، سۆزلىگەندە ياكى يازغاندا داۋاملىق «ھېيتگاھ» سۆزىنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق.

بۇ زېمىن ئۈستىدە قايناق مەنزىرە ھاسىل قىلىنىدى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمىي شەھەرنىڭ ھۆسنى قىيا ئېچىلىپ، گۈزەللىك دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولۇشقا باشلىدى.

مەسىلەن 1937 - يىلى باھاردا شەھەرنىڭ پۈتۈن كوچىلىرى باشقىچە بىر ھالەتكە دۇچ كەلدى. شىڭ شىسەي ياقچى تۇرۇنلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق كوچا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، مەيدان ئەتراپى ۋە كوچا بويلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ ئۆي - جايلىرىنى پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلىدى. ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆتەك بازىرى، تۇماق بازىرى، خام بازىرى، تۆمۈر - تەسەك بازىرى قاتارلىق ئالتە بازار ۋە ئۆستەڭبويى، ئەلچىخانا، قارائىغىز رەستىدىن ئىبارەت ئۈچ رەستىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، شۇنداقلا تىللا سارىيى، خامال سارىيى، سابىر-ئاخۇنباي سارىيى قاتارلىق ئالتە سارايمۇ پۈتۈنلەي چېقىلىپ، ئورنى تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى. ئۇندىن باشقا، «دېڭزام» دەپ ئاتالغان بەگلىك ئىدارە ئورنى، چوڭ - كىچىك ئىككى ھامام، ئىككى مەسچىت ۋە 500 دىن ئارتۇق شەخسنىڭ ئۆي- جايى چېقىلىپ، ئورنى ھېيتگاھ مەيدانىغا قوشۇۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن مەيدان تېخىمۇ كېڭەيدى. لېكىن، چېقىۋېتىلگەن باشقا جايلارنىڭ ئورنى بىر تەرەپتىن، 1937 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبتا پارتلىغان «ئىسيان» توپىلىڭىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن، كوچا ئىسلاھاتىنى شۇنچىۋالا كەڭ ئېلىپ بارغان شىڭ شىسەينىڭ كېيىنكى تۈزۈمى ئۈچۈن مەبلەغ چىقارمىغانلىقى تۈپەيلىدىن خېلى بىر مەزگىل ۋەيرانە ھالەت-

ئېتۇردى. كېيىنچە، بەزى جايلارغا شەخسلەر يەنە
ئۆزى خالىغانچە ئۆي - جاي سېلىۋالدى. 1939 - يىل-
نىڭ ئاخىرى ۋە 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە
قۇرۇلغان ئىتتىپاق (شەخسلەر) شىركىتى بىلەن قەشقەر
ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما بىر بۆلۈك مەبلەغ ئاجرىتىپ، هازىر-
غىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «خەلق» كۇلۇبىنى ۋە مەي-
دانىنىڭ سول تەرىپىگە ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانى
سېلىپ، مەيدان ئەتراپىنىڭ قىياپىتىنى ئاز - تولا يېڭى-
لىدى، بۇ هالەت تاكى ئازادلىققا قەدەر شۇ پېتىچە تۇرۇ-
ۋەردى. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا جامە قايتىدىن رېمونت
قىلىنىپ گۈزەل تۈس ئالدى، ھېيتگاھ مەيدانى ئەترا-
پىدا ئازادە، كۆركەم قەۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرۈپ،
گۈزەللىك ھەقىقىي نامايان بولدى. دېمەك، ھېيتگاھ
مەيدانى هازىر يىراق - يېقىندىن ۋە چەت ئەللەردىن
كەلگەن كىشىلەر تۇنجى قېتىم ساياھەت ئۈچۈن قەدەم
باسىدىغان ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەشھۇر جايغا
ئايلاندى.

## مەھمۇت قەشقەرى مازىرى

قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ، جۇڭگو ـ پاكىستان
تاش يولى بىلەن غەربكە قاراپ 45 كىلومېتىر ماڭساق،
تۆپرىقى مۇنبەت، سۇلىرى ئەلۋەك، ھاۋاسى ساپ، بۈك ـ
باراقسان گۈزەل بىر يۇرتقا كىرىدىپ بارىمىز. بۇ، ئىلىمىز-
نىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى،
داڭلىق تىلشۇناس ۋە مۇتەپەككۇر مەھمۇت قەشقەرى يا-
شىغان، ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان جاي،
قەدىمىي يۇرت ــ ئوپال يېزىسىدۇر. پامىر تېغىنىڭ
ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ يۇرتتا ھازىر 22 مىڭ 500 نوپۇس،
80 كۋادراتمېتىر زېمىن بار. سۇ مەنبەسى ئىنتايىن مول.
غەرب تەرىپى كەڭ كەتكەن يايلاق. بۇ يەردىكى ھەددى-
ھېساپسىز بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان زىلال سۇلار،
قىش ـ ياز ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە شەرق تامان ئېقىپ
تۇرىدۇ. يۇرتنىڭ «موللام ئېغى» دېگەن جايىدىن باشلى-
لىنىپ، غەربتىكى «ئوپۇلات» («ئوپال ئارت») دېگەن
يەردە ئاخىرلىشىدىغان، پۈتۈنلەي كەج ۋە ھاكتىن تەر-
كىب تاپقان، ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتىر، ئېگىزلىكى
300—400 مېتىر كېلىدىغان بىر بوز تاغ بار. بۇ تاغ
«ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىدۇ. تاغ نىمە

ئۇچۇن مۇلداق ئاتىلىدۇ؟

مەھمۇت قەشقەرى (ھەزرىتى مەۋلانە — شەمسىدىن مەھمۇت ئىبنى ھۇسەيىن) مىلادى 1105 - يىلى 97 يېشىدا ئۆز يۇرتى ئوپال ئازىخ كەنتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. خەلق ئالىمنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىدىغان مۇۋاپىق جاي ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقان. ئاخىرىدا «موللام بېغى» كەنتىنىڭ غەربىدىكى بوز تاغ باغرىغا جايلاشقان دۆڭلۈكنى مۇۋاپىق تېپىشقان ۋە ئالىمنىڭ جەسىتىنى شۇ يەرگە قويۇشقان. دېمىسىمۇ بۇ ھەممە جەھەتتىن كېلىشكەن جاي ئىدى؛ دۆڭلۈك ئۈستىگە چىقىپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە قارىسىڭىز ئالدىڭىزدا كەڭرى كەتكەن تەبىئىي يايلاق، چاتقاللىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ دىنمۇ لېۋىدا باغلىرى بۆك - باراقسان ئارچا، قارىغاي، ئۈت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان، چوققىلىرى قىلىن قارلار بىلەن چۈمكىلىپ، كۆن نۇرىدا كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك كونلۇن تاغ تىزمىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شەرق تەرەپكە قارىسىڭىز باغۇ - بوستانلىققا پۈركەنگەن ئوپال يېزىسى گويا بىر سېھرىي قول بىلەن تەييارلانغان رەڭدار گىلەمدەك كۆرۈنىدۇ. شىمال تەرىپى «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بوز تاغ. بۇ تاغ ئالدى تەرەپتىكى «قۇملىتاغ» بىلەن روبىرو قارىشىپ تۇرىدۇ. ئوپال يېزىسىغا قاراشلىق «يارغۇ» دىكى ئۈچ كەنت مۇشۇ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي پەسىيىپ كەتكەن كارىدور-

غا جايلاشقان. ئالىمنىڭ قەبرىسى جايلاشقان دۆڭلۈك
ئالدىدا «مارجان بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق
بار. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى كېچە - كۈندۈز بۇلدۇقلاپ ئېقىپ
تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالىم مەھمۇت ۋاپات
بولۇش ئالدىدا ئۇستازىدىن: «مەن قەيەردە دەپنە
قىلىنىمەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇستازى: «سەن مۇشۇ
ھاساڭنى قەيەرگە سانجىساڭ شۇ ھاساڭ كۆكلىگەن
يەردە دەپنە قىلىنىسەن» دەپتۇ. ھەزرىتى موللام ھاسـ
ـىنى مۇشۇ يەرگە («مارجان بۇلاق» پەيدا بولغان يەرـ
گە) سانجىغان ئىكەن... قارىسا، ھاسا كۆكلەپ كېتىپـ
ـتۇ. موللام ھەيران بولۇپ، «ھاي، ھاي، كۆكلەپ كېتىپـ
ـسەنغۇ!» دېگەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن تىرەك «ھاي - ھاي
تىرەك» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ...» (بۇ تىرەك ھازىرغىچە
شۇ بۇلاق بېشىدا كۆكلەپ تۇرماقتا). (قەشقەر ئۇيغۇر
نەشرىياتى نەشىر قىلغان «مەھمۇت قەشقەرى» دېگەن
كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مۇھەممەت ئىمىن ئەخمەتنىڭ
«ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى» توغرىسىدا ئەسلىمە» دېگەن
ماقالىسىدىن ئېلىندى.)
ئالىم دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق «ئىلىمگە
ھۆددىگەر»، «ئىلىم ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ پىرى» ھېسابلانـ
ـغان بۇ ئۇلۇغ كىشىنىڭ نامىغا بۇ يەردە بىر قەبرىـ
گاھ تەمىر قىلىشقا كىرىشكەن ۋە بۇ قەبرىگاھ ئۈستىگە
خاتىرە ئىمارەت ياساپ، ئۇنى «ھەزرىتى مەۋلانە شەمـ
ـسىددىن ھۈسەيىن ئوغلى، قەلەم ئىگىسى مەھمۇت قەشقەرى
قەبرىسى» دەپ ئاتاشقان. شۇندىن باشلاپ، كىشىلەر

بۇ يەرگە كېلىپ، ئالىمنى خاتىرىلەش، ئەسلەش پائا-
لىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقان. باغ - زېمىن ۋە خېپە قى-
لىشقان. مازار جايلاشقان دۆڭلۈك ئەتراپىغا دەل - دە-
رەخ قويۇپ يېشىللىزارلىققا ئايلاندۇرغان. مەھمۇت قەشقە-
رىنىڭ بۇ مۇبارەك قەبرىگاھىنى مۇھاپىزەت قىلىش،
ئالىمنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى خەلقنىڭ ئاڭلىق
ھەرىكىتىگە ئايلانغان. ئۆزلۈكسىز تەقدىم قىلىنىۋاتقان
كىتابلار بىلەن مازار ئىچىدە بىر قىرائەتخانا مەيدانغا
كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر يىراق - يېقىندىن تاۋاپ-
قا كەلگەن كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىلىم خۇمار كىشىلەر-
نىڭ كىتاب كۆرۈپ ئىلمىي مۇتالىئە ئېلىپ بارىدىغان،
شېئىر-نەزمىلەر ئېيتىشىدىغان، ھەرخىل مەدەنىي كۆڭۈل
ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئايلان-
غان. ھەر يىلى ئۆجمە پىشىش مەزگىلىدە كىشىلەر
قەبرە-ئەتراپىدا يىغىلىشىپ، «ئۆجمە سەيلىسى» پائا-
لىيىتىنى ئېلىپ بېرىشقان. بۇ «سەيلە» كىشىلەرنى،
بولۇپمۇ ياشلارنى ياخشى ئىنسانىي خۇلقنى ئۆگىنىشكە،
ھالال ياشاشقا، ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىغان تەربىيە
سورۇنىغا ئايلانغان. بۇ يەردە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە
تېگىشلىككى، خەلقنىڭ ئالىمغا بولغان ھۆرمىتى، يىراقنى
كۆرۈشى بىلەن مازار ئەتراپىغا دەل - دەرەخ قويۇشتا
ئۆجمە كۆچىتىنى قويۇش ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىشقا ئالا-
ھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. شۇ سەۋەبتىن مازارنىڭ
شىمالىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان «ئەجدىھا ئۇۋىسى»
دەپ ئاتىلىدىغان غارنىڭ ئالدىدىن «موللام بېغى» غىچە

بولغان ئارىلىقتا ئۇزۇنغا كەتكەن «ئۈجمىلىك كوچىسى»
بازىلىقا كەلگەن. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتـ
نىڭ ياخشىلىقىدىن بولسا كېرەك، بۇ ئۈجمىلەر باشقا
جايلارغا قارىغاندا 10—15 كۈن بالدۇر ئىغىزغا تېگەتـ
تى. ھەر قېتىملىق «ئۈجمە سەيلىسى» مەزگىلىدە كىشىـ
لەر بازاقسان ئۈجمىلەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇشۇپ
نەغمە- ناۋا قىلىشاتتى، شېرىن- شەربەت ئۈجمىلەرنى
ئىغىتىشىپ يېيىشەتتى...

× × ×

ئالىمنىڭ قەبرىسىنى ئەڭ دەسلەپ كىشىلەر قانداق
ئورۇنلاشتۇرغان؟ ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، سەنـ
ئەت ئالاھىدىلىكى قانداق ئىدى؟ بۇ سوئاللارغا ھازىرـ
غىچە ئېنىق جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ھەقـ
تە ئېنىق يازما ماتېرىياللار يوق. مازارنىڭ دەۋرىمىزـ
گە قەدەر ساقلىنىپ قالغان قىياپىتىدىن قارىغاندا،
قەبرە خام خىش بىلەن ياسىلىپ، ئۈستى كاكىل بىلەن
سۇۋالغان، شەرق تەرىپىگە ياغاچقا ئويۇپ ئىشلەنگەن
نەقىشدار پەنجىرە ئورنىتىلغان (بۇ پەنجىرە «مەدەنىـ
يەت ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلگەن). مازار روزى مەرىكە،
تىلاۋەتخانا، مەسچىت ۋە قوش مۇنارلىق دەرۋازا قاتارـ
لىقلاردىن تەشكىل تاپقان. (دەرۋازا «مەدەنىيەت ئىنقىـ
لابى» مەزگىلىدە قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەن). روزى
مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا تاملىرى خام كېسەكـ

تىن ياسىلىپ، نەپىس سۇۋالغان. ئۈستى ئۇيغۇر بىنا- كارلىق سەنئىتى بويىچە ۋاساجىپلىك، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ يېپىلغان. خا، چەكە، هاراق، پاراماتلىرىغا سۈخە، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، يازا، كۆزگۈل، شەددە، بېلىق قاسىرىقى ۋە هەرخىل گۈل ئۆسۈملۈكلەر- نىڭ شەكىللىرىنى ئىپادىلەيدىغان نەقىشلەر ئويۇلغان. بۇ قەدىمىي ئۇيغۇر نەقىشچىلىرىنىڭ يۈكسەك نەقىشل- ئىدىكى ۋە ئاجايىپ تالانتىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. رو- زى مەرىكىسى بىلەن تىلاۋەتخانا ئارىلىقىغا ۋە بۇ ئىك- كى خانىنىڭ شىمال تەرەپتىكى تاملىرىغا پەنجىرىلىك دېرىزە ئورنىتىلغان. غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى بەش ئېغىزلىق تونەكخانا ۋە ئىشىك زالى گۈمبەز شەكىللىك يېپىلغان روزى مەرىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى پاراماتىغا قارا شىيا بىلەن پارس نۇسخىسىدا يېزىلغان مۇنداق ئىككى مىسرا نەزمە بار:

«سالى شىرەسىت ھەزارۇ دۇسەت چەھلى پەنجەسەت،
بۇد تەئمىرى مازارۇ مەدىنى سىددىقەسىت»

يەشمىسى:

«يولۋاس يىلى بىرمىڭ ئىككى يۈز قىرىق بەش (ھىجرىيە)
مازارلىق رېمونت قىلىشقا كۆچ چىقارغان كىشى سىددىقتۇر.»

ئېتىكاپخانا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ يېرتقى تەرىپىدى- كى ئۈستۈنكى پاراماتىدا مۇنداق ئىككى مىسرا نەزمە بار:

رىكى ئىلىرىمىنىڭ ئۈچ يۈز ئون بەشتە قىلدى بۇ ئىمارەتنى،
نامازۇ روزا، ئەيلەپ قىلسا، ھەر كىمكى تىلاۋەتنى.»
— [illegible]
يۇقىرىقى ئەزمىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا،
بۇ مازار يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ھىجرىيىنىڭ
1245 - يىلى بىر قېتىم، 1315 - يىلى يەنە بىر قېتىم
رېمونت قىلىنغان. بىرىنچى قېتىمدا روزى مەرىكىسى،
تىلاۋەتخانا، ئىبتىكاپخانا رېمونت قىلىنغان. ئىككىن-
چى قېتىمدا پېشايۋانلىق مەسچىت قايتا ياسالغان.
ھەر ئىككى قېتىملىق رېمونت قىلىشتا روزى مەرىكىسى،
تىلاۋەتخانا، ئىبتىكاپخانىنىڭ بۇرۇنقى ياسىلىش شەكلى،
قۇرۇلمىسى ساقلاپ قېلىنغان. نەقىشلەنگەن خا، جەگە،
ھاراق، پارامانىلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىرى قايتا
ئىشلىتىلگەن.

قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تەخمىنەن 60 كۋادرات
مېتىر كەلگۈدەك ھويلا سەيناسى بولۇپ، ئەتراپى كۆك-
كۆرىلىك تام بىلەن قورشالغان. ئىبتىكاپخانىنىڭ شەرقى
جەنۇب تەرىپىگە تەخمىنەن 15 مېتىرچە كېلىدىغان جاي-
دا، كىشىلەر تەرىپىدىن «مەدرەسەئى مەھمۇدىيە» دەپ
ئاتىلىدىغان بىر خارابە ئىزى بار. ئېيتىشلارغا قارىغان-
دا، بۇ يەر قەدىمدە ئالىمنىڭ ئۆز شاگىرتلىرىغا دەرس
بېرىدىغان ئالاھىدە مەدرىس بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما
بۇ يەردە خارابە ئىزلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر يادى-
كارلىق ساقلىنىپ قالمىغان.

مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، ياسىلىش

شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، نەققاش - بېزەكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر بىناكار- چىلىق سەنئىتى بىلەن ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

× × ×

مەھمۇت قەشقەرى مازىرى تەمىر قىلىنىپ ھازىرغىچە 900 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. شۇ يىللار ئىچىدە خەلق ئالىمنىڭ مۇبارەك نامىنى ياد ئېتىپ كەلدى. مازارنى ئاسرىدى، مۇھاپىزەت قىلدى، دۇئا - تاۋاپلار ئۈزۈلمەي، ئالىمنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى زىكرى قىلىندى.

لېكىن فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا ھۆكۈمران دائىرىلەر ئالىمنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلۇغ ئىلمىي ئەمگىكى ھەققىدىكى پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمىدى، ھەتتا كېيىنكى مەزگىللەردە فېئودال ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن بىر قىسىم جاھالەتپەرەسلەر مەيدانغا چىقىپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نامىنى بۇ زېمىندا ياشىمىغان، ئاللىقاياقلاردىن كېلىپ قالغان بىر «زات»نىڭ نامى بىلەن ئالماشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشۈپ، شۇ ئارقىلىق ئالىمنىڭ مۇبارەك نام - شەرىپىنى، كىشىلەرنىڭ ئالىمغا بولغان ھۆرمىتى

ۋە سىغىنىشىنى يوق قىلىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. بىراق، كۆڭۈلنى ئىبنەك بىلەن ياپقىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش، جاها-لەتپەرەسلەر خەلقنىڭ ئالىمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت يالقۇنىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالمىدى. خەلق، بولۇپمۇ ئوپال خەلقى ئالىم ھەققىدىكى پاكىتلارنى، ئەسلىمىلەر-نى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇپ ماڭدى. بىر قىسىم ۋە-تەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئۆز بېشىغا چۈشۈۋاتقان خېيىم-خەتەرلەردىن قورقماي، ئالىم ھەققىدىكى، ئالىمنىڭ قەبرىسى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى، تارىخىي ھۆججەت-لەرنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ساقلاپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يەتكۈزدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇ-مىي يىغىنىدىن كېيىن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن بۈيۈك ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى مۇھىم ئىلمىي ئىشلار قاتارىدا تۇتۇلۇپ، بۇ جەھەتتە زور ئىلگىرىلەش-لەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1981 - يىلىدىن باشلاپ «تۈر-كىي تىللار دىۋانى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەر-جىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنىشقا باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن يەنە، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايون-لۇق مەدەنىيەت ئازارىتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى،

قەبرىگاھى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى
باشلىنىپ كەتتى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيە-
سى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى
ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن،
مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىق ئالىملار قەشقەر مەدەنىي
يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنى-
دىكى مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق (1990 - يىل ۋاپات
بولدى). مۇھەممەت ئىمىن سايىت ۋە ئىسمايىل ئىبراھىم
قاتارلىق يولداشلارنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن نۇرغۇن
خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قەشقەردىكى بولۇپمۇ ئوپالدىكى
پىشقەدەم تارىخچىلار، مائارىپچىلار، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي
زاتلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ مۇھىم تارىخىي
پاكىتلارغا ئىگە بولدى. بۇ پاكىتلار ئىچىدە، پىشقەدەم
تارىخچى، دىنىي زات ئىمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇم ئۇزۇن
يىللاردىن بېرى ساقلاپ كەلگەن «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
مازىرىغا كىتاب ۋەخپە قىلغانلىق ھەققىدىكى ھۆججەت»،
پىشقەدەم مائارىپچى قاسىم زىھىنىنىڭ «ئازىنخ» ھەققىدى-
كى ھۆججىتى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەبرىگاھى
ھەققىدە، تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان
ئوسمانوۋ قاتارلىقلارنىڭ «ھەزرىتى موللام، مازىرى
نۇقتا قىلىنىپ ئوپالدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن
دوكلاتى (1982 - يىلى 30 - دېكابىر) شىنجاڭ ئۇيى-
غۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي

يادىكارلىق باشقارمىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ «مەھمۇت قەشقەرى مازىرى»نى تەكشۈرۈشتىن دوكلاتى» ۋە ئوپال رايونىدىكى بېشقەدەملەرنىڭ «ھەزرىتى موللام» ھەققىدە ئېيتقانلىرى» قاتارلىق ماتېرىياللار تەييارلاندى.

1983 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ھۆكۈمەت نامىدىن مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە ھاياتى ئىزلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا قويدى. سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقۇچىلار پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇپ، قايتا-قايتا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئىكەنلىكىنى، «ھەزرىتى موللام مازىرى» ئۇنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئارقىدىن يەنە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى ئوپالنى ۋە ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى»نى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەبرىسى دەپ بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا مەلۇم قىلدى. ھەمدە كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قەبرىگاھنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئادەم بېكىتىش، قوغداش، كۆچەت تىكىپ ئاۋاتلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تاپشۇردى.

1983 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەھمۇت قەش-

قەرى قەبرىسىنى ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەنلىك توغرىسىدا «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇ قەبرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش — مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتا، سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.»

«ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي يادىكارلىق تارماقلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، مۇھاپىزەت قىلىش دائىرىسىنى بېكىتتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئاسراش، مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە قەبرە ۋە مازار ئورنىنى بىرقەدەر چوڭراق رېمونت قىلىش زۆرۈر دەپ قاراپ، دەسلەپكى قەدەمدە 260،000 يۈەن ئاجرىتىپ بەردى ① قۇرۇلۇشنىڭ پىلان لايىھىسىنى ئاپتونوم

① قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە 380،000 يۈەن كەتكەن.

دا ئويۇللۇقى مۇزېيدىن يولداش ھەسەن، ئابىدۇرېھىم
ئىشلەپ چىقتى.
ـىلى قۇرۇلۇشقا 1984 - يىلى 8 - ئايدا ئىش باشلاندى.
جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى
داڭلىق ئۇستىلار قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالدى. ئۇلار
مازارنى ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئوبرازىغا ماس ھالەتتە ياساش
ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدەندى ۋە جاپالىق ئىشلىدى.
قۇرۇلۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
داڭلىق، پىششىقەدەم ئۇستىلارنى يىغىپ پىكىرلەشتى. يەر
تەۋرەش ۋە ھەرخىل ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن زەخىملىنىش
نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلۇشنىڭ ئاستىنى تاش
ۋە سېمونت بىلەن تۇرغۇزۇپ چىقتى. شۇڭا قۇرۇلۇشنىڭ
ئاساسى كەۋدىسى پۈتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن
1985 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى 7.4 بال
ئېغىر يەر تەۋرەشتە، ئاساسىي كەۋدە قۇرۇلۇشى زەخىم
سىز ئۆتۈپ، سىناققا بەرداشلىق بەردى. شۇنداق قىلىپ
بۇ قېتىمقى مازارنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ۋاقتىدا،
سۈپەتلىك ئورۇنلىنىپ، 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ
23 - كۈنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن تەك
شۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

ھازىرقى مازارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1160 كۋادـ
رات مېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە
ياپىلغان. كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىـ
غان بەش ئېغىز ئېتىكاپخانا، بىر ئېغىز تىلاۋەتخانا
بار. مەقبەرە جايلاشقان 38 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى

ئۆينىڭ ئۈچ تەرىپى مىللىي ئۇسلۇبتىكى ھەر خىل گۈللۈك توقۇلما ياغاچ پەنجىرە بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. ئۆيلەرنىڭ تورۇس، پارامان، كەۋزە، ھاراق، خا، تۈۋرۈكلىرىگە ئايۋەنچە، بېلىق قاسىرقى، شەددە، بادامچە، قىزىلگۈل شەكلىدە نەقىش ئويۇلغان.

رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئەسلى قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبىغا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ۋە تولۇقلانغان، مۇستەھكەملەنگەن. قۇرۇلۇشنىڭ قۇرۇلمىسى ئەسلىدىكى خام خىش قۇرۇلمىسىدىن ئۆزگەرتىلىپ سېمونت، پىششىق خىش ۋە كەج بىلەن ئىشلەنگەن. قەبرىنىڭ ئەسلى توپىسىمۇ يۆتكەلمىگەن. مازار ئورنىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يەر يۈزىدىن 80 مېتر ئېگىزلىككە ئورۇنلاشقانلىقى ھېسابقا ئېلىنىپ، زىيارەتچىلەرگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مەقبەرە بار ئورۇنغىچە بۆلەكلەر بويىچە سېمونت پەلەمپەيلىك يوللار ياساپ چىقىلغان. «ھاي - ھاي تېرەك» تۆمۈر رېشاتكىغا ئېلىنىپ ئەتراپىغا سېمونت خىشلار ياتقۇزۇلغان.

ھازىر ئالىمنىڭ قەبرىسى «ھەزرىتى موللام تېغى» ئېتىكىدە، دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار ئارىسىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ ئالىمنىڭ نۇرلۇق سىماسى كىشىلەر كۆز ئالدىدا تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلەنمەكتە!

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى

11 - ئەسىر قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، داڭلىق پەيلاسوپ ۋە شائىر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىنتايىن گۈللەنگەن دەۋرىنى ۋە بىر مەزگىللىك تۇراقسىزلىق مەزگىللىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقىنىڭ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىۋەتكەن ئۇلۇغ ئالىم، تەخمىنەن 50 ياشلارغا كىرگەندە، يەنى 1069 — 1070 - يىللىرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك شاھئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىك» («بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم») داستانىنى يېزىپ چىققان. ئالىمنىڭ ئۆز داستانىنى ئارقىلىق بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئۇ، بۇ ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن، قاراخانىلار سۇلتانى — بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئەسەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئالىمغا «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن (ھاجىپ — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئارىچى، ۋەكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ). شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاخىرقى

ئۆمرىنى خان ئوردىسىدا، دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەن.

85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان شاھ ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى تارىخىدا چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق ناما يەندىدۇر. شۇنداقلا ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار دەۋرىدىكى دۆلەتنىڭ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى ھەققىدە كەڭ توختالسىدۇ، ھەمدە ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى «بىلىم — ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانائەت» دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلغا ئايرىيدۇ ۋە بۇ تۆت ئاساسىي ئامىلنى ئەقىل ھەم پاراسەت خىسلىتىگە ئىگە بولغان ئۆكدۈلمىش، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت خىسلىتىگە ئىگە بولغان كۈنتۇغدى ئېلىك، بەخت ۋە ئامەت خىسلىتىگە ئىگە بولغان ئايتولدى، سەۋرى - تاقەت ۋە ھايا خىسلىتىگە ئىگە بولغان ئودغۇرمىش قاتارلىق كونكرېت پېرسوناژلار ئوبرازلىرى ئارقىلىق يېشىپ بەرگەن. يۇقىرىقى تۆت پېرسوناژ مۇئەللىپنىڭ غايەت چوڭقۇر ئوبرازلىق تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى كۈللەندۈرۈشتە، كىشىلەرنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتە ئوينايدىغان رولىنى، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىشنىڭ، قانۇن ئالدىدا كىشىلەركە باپىاراۋەر

مۇئامىلە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈ-
ۋاتقانلار ئۈچۈن ساپ ئىنسانىي ئەخلاق – پەزىلەتلەرگە
ئىگە بولۇشنىڭ رولىنى، ھەممە بۇنداق ئەخلاق – پەزى-
لەتلەرگە ئىگە بولۇش – بولماسلىقنىڭ جەمئىيەتنىڭ
گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىنى، دۆلەتنىڭ كۈچىيى-
يىشى ياكى ئاجىزلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى
ئېچىپ بەرگەن. قىسقىسى، ئۇلۇغ پەلسەپىۋى پىكىر
ئىگىسى بولغان مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
داستانىدىكى تۆت پېرسوناژنىڭ خاراكتېرلىرىنى مۇكەم-
مەل بولغان شېئىرىي سۈرەتلەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىپ،
ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى بايان
قىلغان، ھاكىمىيەت تۇتۇۋاتقانلارنى خەلقپەرۋەر بولۇشقا،
ئېسىل خىسلەت ئىگىلىرىدىن بولۇشقا
ئۈندىگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا
ئىپادە قىلىنغان ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنىڭ كەڭ ۋە
چوڭقۇرلۇقىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەرەققىيپەرۋەر،
ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە، جەمئىيەتنىڭ جىددىي تەلەپ-
لىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن ئۆز دەۋرىنىڭ دانا مۇتەپەككۇرى،
ئۇلۇغ شائىرى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، سىياسىيون
ئىكەنلىكىنى روشەن بىلىپ ئالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىنىڭ 1085 – يىلى
67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. خەلق ئۆزلىرى-
نىڭ بۇ ئۇلۇغ ئالىمىنىڭ جەسىتىنى دەسلەپتە قىزىل
دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارگاھ يېزىسىغا دەپنە قىلىشقان.
ئاندىن تەخمىنەن 50 يىل ئۆتكەندە، قىزىل دەرياسىغا
ئاز ئۇچرايدىغان، ئۇلۇغ كەلكۈن كېلىپ، ئالىمنىڭ قەبرىسى

خەۋپ ئىچىدە قالغاچقا، خەلق قەبرىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پايناپ دېگەن جايغا يۆتكىگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە ئىپتىخارى بولغان يۇسۇپ خاس ھاجىپنى ئەسىرلەردىن بۇيان ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىپ كەلدى. ئالىمغا بولغان چوڭقۇر ئېتىقادى بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، يوقلاپ تۇردى. قەبرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن مەخسۇس كىشىلەرنى (شەيخ، جارۇپكەشلەرنى) بېكىتتى. قەبرىگاھنىڭ ھەر خىل ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىئانە توپلىدى. يەر - زېمىنلىرىنى تەقدىم قىلىپ، ۋەخپە قىلىپ بەردى. قەبرىگاھ ئەتراپىنى دەل دەرەخ، گۈل - گىياھلار بىلەن گۈزەللەشتۈردى. خەلقنىڭ ئالىمغا بولغان چوڭقۇر ئېتىقادى، ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان تەشنالىقىدىن قايىل بولغان ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ (1505—1678) سۇلتانى ئابدۇللاخان (1639 — 1668) قەبرىگاھنى ئالاھىدە ياساپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق بىناكارلىق ئۇستىلىرىدىن مەسلىھەت ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ھىجرىيىنىڭ 1074 - يىلى (مىلادى 1665 - يىلى) قەبرىگاھ قايتا ياسىلىپ پۈتكۈزۈلدى؛ قەبرىگاھنىڭ ئىلگىرىكى تۈز-تۈرۈسلۇق ھالىتى گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرۈلدى. ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر كېلىدىغان پەشتاقلىق دەرۋازا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئالدى غەرب تەرەپكە قارىتىلىپ ئېچىلدى.

ھىجرىيىنىڭ 1242 - يىلى (مىلادى 1828 - يىلى) كۆچار ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئىسھاق ۋاڭ قەشقەرنىڭ ھاكىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇسۇپ خاس

ھاجىپنىڭ قەبرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ ياساتقۇزغان. بۇ قېتىم قەبرىگاھنىڭ تۆت چۆرىسىگە گۈمبەز ئورۇنلاشتۇرۇلغان. گۈمبەز، مۇنار ۋە قەبرە ئۈستىگە رەڭگارەڭ، سىرلىق كاھىشلار بىلەن گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈلگەن.

سىلىدا ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى مىلادى 1874 – يىلى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنغان. كېيىنكى چاغلاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەبرىگاھنىڭ بەزى جايلىرى بۇزۇلۇشقا يۈزلەنگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى، ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئالاھىدە مۇھىم ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1955 – يىلى مەدەنىيەت نازا-رىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ۋاقىتتىكى بۇ قەبرىگاھنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەب-رىگاھى ئىكەنلىكىنى ئورۇنلۇق پاكىتلار ئارقىلىق مۇقىملاش-تۇردى. شۇنىڭغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قەبرىگاھنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە شۇ يىلى 5 – ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى-نىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئالاھىدە يوليورۇق بېرىشى ئارقى-لىق، قەبرىگاھ يېڭى قېتىم تۈزەشتۈرۈلدى. 1957 – يىلى 1–

ئاينىڭ 4 - كۈنى چىقىرىلغان 1721 - نومۇرلۇق ھۆج-
جەت ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنى ئاپتونوم رايونى
بويىچە، نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يا-
دىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلدى.

ئۇيغۇر خەلقى باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقلى-
رىگە ئوخشاش، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ
تۆھپىلىرى بىلەن، شۇنداقلا بۇ تۆھپىلەرنى يارىتىش
يولىدا ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن ئاتاقلىق
ئالىملىرى بىلەن پەخىرلىنىپ كەلگەن خەلق. خەلقىمىز-
نىڭ نەزىرىدە، ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ. يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ئالەمدىن ئۆتكەن توققۇز ئەسىردىن بۇيان
ئۇنىڭ قەبرىگاھىنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشى بۇ
دېگەنلىرىمىزنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ھەقىقەتەن، خەلق
ئامىنىسى تارىختىن بۇيان ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس
ھاجىپقا ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھىغا چوڭقۇر سېغىنىپ كەلدى،
ئۇنىڭغا يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن قاراپ كەلدى. كىشىلەر
قەبرىگاھ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ
خېلى ئۇزۇن يەرلەرگىچە پىيادە مېڭىپ، ئۆز ئالىمىغا
بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشتى. ھەر يىلى بولى-
دىغان نورۇز بايرىمى، تۈنەك، ئايەم كېچىلىرىدە، كىشى-
لەر بۇ قەبرىگاھقا كېلىپ، ئالىمغا بولغان سېغىنىش ھەم
چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىشتى. ئاۋام خەلقتىن
سىرت بىر قىسىم ئىلىم سۆيەر تەرەققىيپەرۋەر، ھاكىمىيەت
ئۈستىدە تۇرغان كىشىلەرمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرى-

كاھى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشتى. مەسىلەن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن بولغان ئابدۇللاخان قەبرىگاھنى مۇھاپىزەت قىلىش، ياساش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. ئۆزىنىڭ 30 پاتمان خۇسۇسىي يېرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىغا ۋەخپە قىلىپ بەردى. ئابدۇللاخان 1665 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يولۋاسخان (1666 — 1667) يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئۆز جەمەتلىرىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خاندانلىرىدىن بەش كىشىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلدۇردى. قەبرىگاھنىڭ تاشقىرىسىدىكى مەسچىتنىڭ شەرقىي شىمالىغا يەنە تۆت كىشىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇن «ئات بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاي «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان خەلق ئەقىدىسىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئۆلمەس يادىكارلىق بولۇپ كەلدى. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن ئەدىبلەر بۇ يادىكارلىق ھەققىدە قەسىدىلەر، شېئىرلار يېزىپ، ئۇنىڭ ئورنى، قەبرىدە ياتقۇچى كىشىنىڭ نامۇ - شەرىپى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇشتى. ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى 19 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى مىرھۇسەيىن سەبۇرىيدۇر. سەبۇرىي «نەسەب دەرياسى» ناملىق ئەسەر يازغان. سەبۇرىينىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئۇنىڭ شاگىرتى سوپى ئاللايار «نەسەب دەرياسى»نىڭ ئاخىرىنى يېزىپ بولغاندىن

كېيىن، ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىگە ئۇستازىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن «ھەزرىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھىجرىيىنىڭ 478 - يىلى (مىلادىنىڭ 1085 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ئا) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرى كوناھىسار (ئەسكى سار) نىڭ شىمالىدىكى پاي ئابدا... ئامىن، مەن شەيخ دۇئا قىلغۇچى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللايارى» دېگەن سۆزلەرنى پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىپ ئۆزمۆھۆرىنى باسقان.

مىلادىنىڭ 1827 - يىلى جاھانگىر خوجىنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن مانجۇلار تەرىپىدىن تەشقەرگە ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلەنگەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ (1830 — 1848) مىلادىنىڭ 1835 - يىلى تاشقارقى شەھەرگە سېپىل سوقتۇرماقچى بولغان. دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئاللادىن تىلەش مەقسىتىدە شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن نىئمەتۇللا كاشىغەرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىغا چىقىپ ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ ۋەقە توغرىسىدا نىئمەتۇللا كاشىغەرى مۇنداق بىر خاتىرىنى يېزىپ قالدۇرغان: «مۇنداق بىر ۋەقە پۈتۈلدىكىم، ھەزرىتى ۋاڭ زوھۇرىددىن ھاكىم ئالىيلىرى قەشقەر قەلئەسىنىڭ سېلىنىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقى توغرىسىدا پەقىر كەمتەر دەرۋىشتىن بىر دۇئا تەكبىر قىلىپ تىلەپ كۆرۈپ بېقىشنى تەكلىپ قىلغانلىقتىن، مەن ھەزرىتى پادىشاھ، قەلەم ئىگىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋەررۇك قەبرىگە چىقىپ،

ئۈچۈن بىر كۈن تۇرۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدىم. قەشقەر قەلئەسىنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا بېشارەت بولدى ۋە قەلئەنىڭ ياخشى پۈتىدىغانلىقىغا رۇخسەت بولدى. بۇ بېشارەتنى ھەزرىتى ھاكىم ئالىيلىرىغا بايان قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ھاكىم شاھانە ئىشخانىسىدىن بۇ كالامىي شەرىپنى ماڭا ھەدىيە قىلدى، رەھمەت. دۇئا قىلغۇچى پەقىر نېئمەتۇللا كاشغەردى، مۆھۈرۈمنى باستىم، 1253 ـ ھىجرىيە. تامغا: نېئمەتۇللا بىن سەدرىددىن. (تامغا 1238 ـ ھىجرىيىدە ئويۇلغان.)

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ياشىغان تارىخچى، شائىر ئىمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇم 1983 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى ۋە قەبرىگە يېزىلغان بىر ئايەت توغرىسىدا تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئىي بىلەن تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋغا ناھايىتى قىممەتلىك بىر مەلۇمات بەرگەن. مەلۇماتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

(1) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرى ئەسلى پايناپ «ئالتۇنلۇقۇم» دا غەربتىن شەرققە تارتىلغان قەبرىنىڭ بېشىغا:

«قۇلاھەل يەستەۋى ئەللەزىنە يەئلەمۇن ۋەللەزىنەلايەئلەمۇن.»

«بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەر باراۋەر ـ تەڭ بولالمايدۇ» دېگەن ئايەت يېزىلغان بولۇپ، بۇ قەبرە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭكىدۇر.

(2) پەرىدون ۋاڭ يازغان ھۆججەتتە ئاتام ئىسھاق

ۋاڭ ياساپ، تەئمىر قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىغا پايناپ يېزىسىدا ئالتە پاتمانلىق يەرنى مۇتـ لەق ۋەخپە قىلدىم، دەپ ۋاڭلىق تامغا باسقان ئىكەن. بۇنى مەزكۇر قازى كۆرگەن.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان بىر قاتار پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى ئۇزاق زاماندىن بېرى قايتا - قايتا ئىسلاھ قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە خەلق تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ، شائىرلار ۋە ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇنى چەكسىز ھۆرمەت، تۇيغۇسى بىلەن تىلغا ئېلىشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى مىڭ يىلدىن بېرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ مەھەللىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما لەنىتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۆزىنىڭ ۋەھشىيلەرچە زوراۋانلىقىغا تايىنىپ، 1972 - يىلى بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقنى ۋەيران قىلىپ تاشـ لىدى. ئۇيغۇر خەلقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراستى، ھۈنەر-سەنئىتى، بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، تولدۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغان غايەت زور، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بولغان ئەقىدىسىنى قىلچە بوشاشـ تۇرۇپ قويمىدى. 1978 - يىلدىكى باھار (3 - ئومۇمىي يىغىن) ئۇيغۇرا خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلدى؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ساداسى ياڭرىدى.

تىنلىق. 1985 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خەلق ئۆز-
لۈكىدىن تەشكىللىنىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى
ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ھەي-
ئىتى تەشكىل قىلدى. خەلقنىڭ بۇ ھەققانىي پائالىيىتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى 1986 - يىلى چۈشۈرگەن 107 - نومۇرلۇق
ھۆججىتى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى
ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىر مىليون 500 مىڭ يۈەن
ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1986 - يىلى 8 -
ئاينىڭ 26 - كۈنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇرتى قەش-
قەردە «مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ‹قۇتادغۇبىلىك›
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن قۇرۇلۇش ئىشى باشلىنىپ، توپتوغرا ئۈچ يىل
داۋاملاشقاندىن كېيىن 1989 - يىلى 10 - ئايدا غەلىبى-
لىك تاماملاندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن
قەبرىگاھىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1900 كۋادرات مېتىردىن
ئارتۇق بولۇپ، قەبرىگاھ، مەسچىت، خاتىرە مۇنارىسى،
كۆرگەزمە زالى ۋە كۈتۈش ئىشخانىسىدىن ئىبارەت بەش
قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي
پىششىق خىش ۋە بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قەبرىگاھ-
نىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 825 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەب-
رىگاھ كايىۋان، يەر ئاستى ئۆيى، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ
قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كايىۋان 22 كىچىك گۈمبەز-

لىك ئالدى ئۇچۇق، 22 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان.
بۇ ئۆيلەر شىمالىي، شەرق، جەنۇب تەرەپتىن توققۇز
مېتىر ئارىلىقتا ئاساسىي قەبرە ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ،
ئالدى تەرەپتىن بولسا، تۆتتىن سەككىز قەپەسەكلىك
مۇنار چىقىرىلغان، ئىككى ياندىكى پەشتاقلىق ئىككى
ئىشىك ئارقىلىق ئاساسىي قەبرە ئۆيگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.
كايىۋانىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە يەنە ئېگىزلىكى 9.4 مېتىر
كېلىدىغان قەپەسەكلىك تۆت مۇنارمۇ بار. قەبرە ئۆيى
تاشقىرىقى ئۆي ۋە ئىچكىرىكى ئۆي دەپ ئىككىگە بۆلۈن-
گەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىدىن غەربكە قەدەر بولغان
ئۇزۇنلۇقى 17.58 مېتىر كېلىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا
قەدەر بولغان كەڭلىكى 11.30 مېتىر كېلىدۇ. قەبرە
ئۆيىگە غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان، ئىككى تەرىپىدە ئېگىز-
لىكى 16.40 مېتىر كېلىدىغان ئىككى قەپەسەكلىك مۇنارىسى
بار. دەرۋازا ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ. تاشقىرىقى ئۆي
ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، بىرىنچى قەۋىتىدە يەر ئاستى
ئۆيىگە كىرگىلى بولىدىغان ئىشىك، ئۈستىگە چىقىپ قەبرە
ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغىلى بولىدىغان ئايلانما پەلەم-
پەي ۋە كىچىك ئۆيلەر بار. ئىچكىرىكى ئۆي مەخسۇس
قەبرە ئۆيى بولۇپ، يەر يۈزىدىن 19.60 مېتىر ئېگىز-
لىكتە، دىئامېتىرى توققۇز مېتىر كېلىدىغان چوڭ، يۇمىلاق
گۈمبەز بىلەن يېپىلغان. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ تۆت ئەترا-
پىدا چوڭ - كىچىك پەنجىرىلىك بىر نەچچە كۆزنەك ۋە
رۇجەك بار. قەبرىگاھنىڭ ھەممە تەرىپى 20 خىل
رەڭدىكى گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. قەبرىگاھ

قىسمىدا يەنە چوڭلۇقى 198·85 كۋادرات مېتىر كېلىدى-
دىغان، بىتون بىلەن قوپۇرۇلغان يەر ئاستى ئۆيىمۇ بار.
چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان بەش خانىدىن تەركىب
تاپقان بۇ ئۆي ۋە بۇ ئۆيلەرنى بىر- بىرىگە تۇتاشتۇرۇ-
دىغان ئايلانما كارىدور قەبرە ئۆيىنى نەملىكتىن ساقلاشتا
بەلگىلىك قوغداش رولىغا ئىگە.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قايتىدىن ياسىلىپ، ئەس-
لىگە كەلتۈرۈلگەن بۇ قەبرىگاھى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن زامانىۋى قۇرۇلۇش
تېخنىكىسى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ بىنا قىلىنغان ئۆز-
گىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر بىناكارلىق ئۈلگىسى بولۇپ،
ئۇنىڭ كۆركەملىكى، ھەيۋەتلىكلىكى، پۇختا- مەزمۇت-
لۇقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى زىيارەت-
چى، ساياھەتچى، سەيلىچىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى
ئۆزىگە مەڭگۈ جەلپ قىلغۇسى.



# ھەزرەت

1

ھەزرەت — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ھازىر بولۇش، ھازىر بولماق» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. ئىستىمال جەھەتتە، كىشىلەرگە بېرىلگەن ھۆرمەتلىك نام، ئۇنۇۋانىنى ئىپادىلەيدۇ. «ھەزرەت» ئاتالغۇسى ئۇزاقتىن بۇيان شەرق مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىپ كەلدى. يەنى خەلققە، ئۆز ۋەتىنىگە ئالاھىدە خىزمەت قىلغان، ئىلىم - مەرىپەت ۋە دۇنياۋى ئىشلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەر مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلدى.

ئاپپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ مۇرىت - سوپىلىرى ئاپپاق خوجىنى گويا ئۇلۇغ بىر زات، بىز ياد ئەتكەن ھامان روھى ئالدىمىزدا ھازىر بولىدۇ، تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەننى ئاساس قىلىپ ئۇنى «ھەزرەت» دەپ ئاتاشتى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئاتالغۇ ئۇرۇنىڭ نامىغا ئايلىنىپ ئاپپاق خوجا ئورۇنلاشقان دائىرە «ھەزرەت» دەپ ئاتالدى.

## 2

ئەسلى «ھەزرەت» دائىرىسى — ئاپئاق خوجا مازىرى، ئۇنىڭ ئۆت تەرىپىگە ئورۇنلاشقان قەبرە ۋە كەڭ كەتكەن قەبرىستانلىقلار، شۇنىڭدەك مازار ئالدىدىكى كاتتا جامە مەسچىتى، ئېتىكاپخانا قاتارلىق ئىبادەت ئورۇنلىرى، كۆل ۋە كۆل بويلاپ كەتكەن سەيلىگاھ مەيدانى قاتار-لىق ئورۇنلاردىن ئىبارەت. بۇ ئورۇنلار «ھەزرەتنىڭ ئىچى» دەپ ئاتالسا، بۇنىڭ تېشىدىكى جايلار «ھەزرەتنىڭ تېشى» دەپ ئاتالغان. بۇرۇن «نەپە توختايدىغان» جايدىن باشلانغان ئورۇندىن ئۇزاق رەستە، يولنىڭ ئوت-تۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى «ئۈجمىلىك باغ»، «ئۆرۈكلۈك باغ»، «چوڭ باغ» ئاتالغان ۋەخپە باغلار ئەنە شۇ «ھەزرەت» دائىرىسى-گە كىرەتتى.

## 3

«ھەزرەتنىڭ ئىچى» ئاتالغان ئورۇننىڭ جەنۇب-دىكى مەيدانغا قاراپ تۇرغان شەكىل ۋە ياسىلىشى تارىخى بىر-بىرىگە ئوخشاشمىغان ئىككى قورۇلۇش بار. بۇنىڭ بىرى «ئاپئاق خوجا ئاستانىسى»غا جەنۇبتىن كىرىش دەرۋازىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ پىل ئېشىك، ئىككى مۇنار ۋە ماۋۇم كۆلەمدىكى تامدىن ئىبارەت بىر بىنا، ئۇ، ئون مېتىر ئېگىزلىكتە، سەككىز مېتىر

ئۇزۇنلۇقتا، ئۇنىڭ ئېگىز پەشتىقىنىڭ كانارلىرى نەپىس سەنئەتلىرى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ھەممىسى يېشىل سىر بىلەن پىشۇرۇلغان كاشا خىشلار بىلەن بېزەلگەن. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى دانە مۇنارى بولۇپ، ئۇ، گويا پەشتاقنى ئىككى ياندا قوغداپ تۇرغان ئىككى قاراۋۇلنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتىدۇ. ئىشىك ئۈستىدىكى ئەگمە، شۇنىڭدەك پەشتاق ئاستىدىكى مەلۇم دائىرىگە ئاق سىر بىلەن پىشۇرۇلغان كاشا خىشلار تىزىلغان، بۇ خىشلار پارس تىلىدىكى نۇرغۇن قۇرلۇق شېئىرلار بىلەن تولغان بولۇپ، قۇرۇلۇشقا گۈزەل تۈس بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ بەزىلەر ئاساسەن ئاپئاق خوجىنى، شۇنىڭدەك بۇ بىنانى سالدۇرغان كىشىنى ماختاشنىڭ تەسۋىپى بولسا، بىر قىسمى ياسىغۇچىنىڭ كىملىكىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ياسىلىش تارىخىنى ئەلگە بىلدۈرىدۇ.

«ز مال- مۇلكەت ئىن د ھىر ئازاد،
مېلكە نام پات ئۇسىت دىلشاد.»

— بۇنىڭدىن بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىگىسى دىلشاد ئاملىق مەلىكە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

«ئەگەر خۋاھى مەپھۇم ئىن زۇد،
ھازار دۇسەد ھەم بىسىت شەش بۇد.»

بۇنىڭدىن بۇ قۇرۇلۇش ھىجرىيە 1226 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 1811 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) ياسالغان-

لىقنى بىلگىلى بولىدۇ. مەلىكە دىلشاد ئېرى تۇردى كۆك-
نىڭ ئۆلۈكىنى ئاپئاق خوجىنىڭ مازارلىقىدا قويۇش،
شۇنىڭدەك ئۆزى ئۆلگەندە مۇشۇ جايغا كۆمۈلۈش ئېتىبارى
بىلەن بۇ مازارلىقنىڭ ئاساسلىق كىرىش ئىشىكى ھېسا-
بىدا بۇ قۇرۇلۇشنى ياساتقان ئىدى (ئەسكەرتىش: بۇ
قۇرۇلۇش ئىشىكىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن
كاشا خىش ئۇستىسىنىڭ نامى نەقىش قىلىنغان بولسىمۇ،
نەپسۇسكى، «كاشا سازەندە مىربا...» دېگەن ئىسمىنىڭ
ئاستىدىكى بىر خىشنىڭ قومۇرۇلۇپ كېتىشى بىلەن ئۇس-
تىنىڭ تولۇق نامى مەۋھۇم قالغان.)

بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ يەنە بىرى، بۇ جاينىڭ غەربىي
تېمىغا يانداپ سېلىنغان كىچىككىنە بىر مەسچىت قۇرۇ-
لۇشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ
تۇرىدۇ. ئورنى كىچىك بولسىمۇ ئەمما، ھۆسن جەھەتتە
كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدە
تۆت مۇنارى بولۇپ، چاققانغىنا پېشايۋىنى، چوڭ بول-
مىغان خانىقاسى بار. پېشايۋاننىڭ كۆركەملىكى ئالدى-
دىكى ياغاچ شادىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تورۇسى،
تۈۋرۈكلىرىگە ھەر خىل نەقىشلەر ئويۇلغان ۋە سىرلان-
غان بولۇپ، نەققاشلارنىڭ ئۇستۇن ماھارىتىنى نامايان
قىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ مەسچىت بۇنىڭدىن 60 يىل بۇرۇن سېلىنغان
بولۇپ، خىراجەت مەبلىغى مازار ۋەخپە كىرىملىرىدىن
كىرگەن پۇل بىلەن، شۇنىڭدەك قەشقەر بايلىرىدىن
خۇمەراباي، ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن

يارلىقا كەلگەن. مەسچىتنىڭ شىمال تەرىپىدىكى مۇنارغا بىر قانچە مىسرا شېئىر ئويۇلغان. بۇ مىسرالاردىن بۇ مەسچىتنىڭ ھىجرىيە 1348 - يىلى(مىلادىيە1929-يىلى) مەيدانغا كەلگەنلىكى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تامچى ئۇستىسى ئامان ئوغلى ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئۇستا ئۇستۇن ئاتۇش ئوچا كەنتىدىن بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ئۇستا تامچى ئىدى.

## 4

«ھەزرەتى مازار» دەپ ئاتالغان ئاپئاق خوجا مازارلىقى «ھەزرەت ئىچى» دائىرىسىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان. ھەشەمەتلىك بىر بىنا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى سوقمىچاق. كەلگەن تۆت تام بىلەن ئىھاتىلەنگەن. ئۇنىڭ ھەر بىر بۇرجىكىدە بىردىن كالتە مۇنار قوپۇرۇلغان، جەنۇبىدىكى تېمى ئوتتۇرىسىدا ئازادە ياسالغان دەرۋازىسى، دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سىرلىق نەقىشلەنگەن ئېگىز ئىككى مۇنارى، مۇنارنىڭ ئارىلىقىدا پەشتىقى، ئوتتۇرىسىدا كاتتا گۈمبىزى بار. بۇ بىر يورۇش ئورۇن يېشىل، كۆك سىرلار بىلەن پىشۇرۇلغان كاشا خىشلار بىلەن بېزەلگەن، «گۈمبىزى دەۋۋار» ئاتالغان بۇ گۈمبەز مازار ئىچىدىكى قەبرىلەرنى يوران — چاپقۇن، قار — يامغۇرلاردىن ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ ئېگىز ۋە بېزەكلىك، پىششىق ۋە بەلەن مۇنارلىرى كۆك بىلەن بوي تالىشىپ تۇرىدۇ. شەرق ئۇسلۇبىدا ياسالغان كۆركەم دەرۋازىسى

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ كاشا بىلەن پىشۇرۇلغان نۇرغۇن شېئىرنى ھۆسنخەتلەر چولانسىپ تۇرىدۇ. پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ شېئىرلاردا ئاساسەن ئاپئاق خوجىغا مەدھىيە ئوقۇلغان. شېئىرلارنىڭ ھەر بىر قۇر ئارىلىقىغا ھىندىچە رەقەملەر يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھىجرىيە 1290 - يىللىرى بۇ بىنانىڭ قايتا ياسالغانلىق تارىخىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ياقۇپ بەگ دۆلەت ياساتقان.

سىز بۇ بىنانىڭ ئالدىغا كەلگىنىڭىزدە، دەرۋازىسىنىڭ كانارلىرى ۋە سۇ مۇنارلىرىغا كۆپلىگەن كىرىست بەلگىلەرنىڭ سىزىلغانلىقىنى كۆرىسىز! ئۇنىڭ تولىسى «فاشىست» بەلگىسى دەپ ئاتالغان بەلگىلەر بولۇپ، بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ چەتتىن كەلگەنلەر ئەلۋەتتە «چېركاۋ» دەپ بېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەينى زامانلاردا جاھانگىرلار، دىن تارقاتقۇچى مىسسىئونېرلار بىزنىڭ ئەلگە بۇ بەلگىنى بىر تۈرلۈك گۈل نەقىش قىلىپ كىرگۈزۈۋەتكەن. جاھان سىنياسىتىدىن خەۋەرسىز قالغان ئۇستىلار، نەققاشلار ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، نېمە مەقسەتتە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، گۈل نەقىش دەپ قوبۇل قىلغان. ئەينى زامانىنىڭ ئۆلىما - پوزۇلىلىرى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قالاقلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىغان. نەتىجىدە بۇ بەلگە بولۇپمۇ دىنىي ئورگانلارغا كەڭ كۆلەمدە كىرگۈزۈلۈپ كەتكەن.

يۇقىرىقىلار بۇ مازارلىقنىڭ تاشقى قىياپەتلىرى.

قىلىن. بۇ مازارنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسى ئىچىدە بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈنگەن مېھراپچاقلارنى تۇتاشتۇرغان تاملار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۈستى ئېگىز ۋە يۇمىلاق دائىرىلىك گۈمبەز بىلەن مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. مەلۇم دائىرىنى ئىگىلىگەن بۇ ئورۇننىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى يەردىن بىر يېرىم مېتر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان شاھ سۇپا، ئۇنىڭ ئۈستى مەقبەرە بىلەن تولغان. بۇلارنىڭ بەزىسى چوڭ، بەزىسى كىچىك، ھەر بىرى گۈللۈك كاشا خىشلار، نەقىشلىك خەتلەر بىلەن بېزەلگەن. ھەر تۈرلۈك يوپۇقلار بىلەن يۆركەلگەن. ئۇنىڭ ئارىسىدا «ئاپئاق خوجا» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ جەسەتى بولغانلىقتىن، مۇسۇلمانلار «ئاپئاق خوجا قەبرىگاھلىقى» دەپ تونۇسا، خەنزۇلار «ئىپارخاننىڭ جەسەتى كۆمۈلگەن»لىك ئېتىبارى بىلەن «شياڭپېي قەبرىگاھلىقى» دەپ تونۇپ كەلگەن.

بۇ مازارلىقنى ياسىغان ئۇستىلارنىڭ كىملىكى بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن، سەنئەت جەھەتتە پۇختا، كۆركەم، گۈزەل ياسالغان بولۇپ، ئۇ ئۆتكۈزگەن 110 نەچچە يىللىق ھاياتىدا دۇچ كەلگەن تەبىئەت ھادىسىلىرى، قار- يامغۇر، دەھشەتلىك بوران، يەر تەۋرەشلەر، بولۇپمۇ 1902- يىلدىكى قاتتىق يەر تىترىلىشى قاتارلىقلار ئۇنى ئۆرۈۋېتەلمىدى، ھەتتا ئەسىرلەپ چۈشكەن كۈن نۇرى ئۇنىڭ كاشا خىشلىرىنىڭ پارقىراق رەڭگىنى ئۆچۈرۈۋېتىش تۈگۈل ئۆزگەرتەلمىدى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، بۇ مازارلىقنىڭ

خەشىنەتلىك كۆمبەزنى تۈۋرۈكسىز، تارتىمىسىز، پەقەت لا
تۆت تامغا قوندۇرۇلغان ھالدا 70 يىللاپ ئۆمۈر كۆردى،
1948 - يىلى كۆمبەزنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ چۈشۈپ كې-
تىشى ئۇنىڭ پۇختا، مەزمۇت ياسالمىغانلىقىدىن ئەمەس،
بەلكى پەيدا بولۇش، گۈللىنىش، يوقىلىشتىن ئىبارەت
ياشاش قانۇنىيىتىنىڭ ھاسىلى ئىدى. كۆمبەز 1956 - يىلى
ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ زېھىن - زاكاۋىتى بىلەن قايتا
ياماپ چىقىلدى.

[illegible]

[illegible]

5

[illegible]

ئىشىك ئىچكاپىخانىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە تۇتاش يەنە
بىر كۆمبەزلىك باز. كىشىلەر ئاپپاق خوجا ئىچكاپىقا ئول-
تۇرغاندا، بالا - چاقىلىرى بۇ جايدا تۇراتتى، دېيىشىدۇ.
بۇ بىنا باشقا بىنالارغا قارىغاندا ئاددىيغىنا ياسالغان بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئورنىتىلغان قوش قوۋۇرغىلىق ياكى قوش
قاناتلىق كىچىككىنە ئىشىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.
ئىشىكنىڭ ياغاچلىرى يېشىل سىر بىلەن سىرلانغان. يان
ياغاچلىرى ۋە ئىشىكنىڭ تۆت تەرىپىدىكى قىرغاقلىرى
ئەرەبچە خەتلەر بىلەن بېزەلگەن. بۇ خەتلەردە قۇرئاننىڭ
ئايەتلىرىدىن بولغان 185 ھەرپلىك ئايەتەل كۇرسى، شۇ-
نىڭدەك، بىرقانچە سۈرىنىڭ ئايەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن.
ئىشىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تۈگۈنچەك شەكىل بىلەن تەگ-
كۈچىنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىدىن بولغان تۇرغۇن نامىلار ئول-
تۇرغۇزۇلغان. بۇ خەتلەر قەلەم بىلەن يېزىلغان

ياكى ياغاچقا ئويۇپ يېزىلغان بولماستىن، بەلكى، ھەر بىر ھەرپى مىخ مەتبەئەنىڭ ھەرپىگە ئوخشاشلا ياغاچتىن يونۇپ تەييارلانغان ۋە بۇ ھەرپلەر ئىشىكىنىڭ ئويۇلغان ياغاچ شىلى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، يېلىم بىلەن يەملەپ چىڭىتىۋېتىلگەن، بۇ ئىشىكنى پەزلەر پەرغانە خانلىرىدىن بىرى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن دېيىشسە، بەزىلەر ئاتۇشلۇق بىر ياغاچچى ئۇستا ياساپ ھەدىيە قىلغان دېيىشىدۇ. پاكىتتىن قارىغاندا ئاتۇش ئۇستىسى تەرىپىدىن ئىشلەنگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى، ئۇستۇن ئاتۇش قايراقتىكى سۇلتان ئارىپىن خوجام (ئەسلى ئىسمى مىر مەخسۇت، ئۆز ۋاقتىدا ئاپئاق خوجىنىڭ ئىمامى بولغان ئىكەن) مازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئىشىكى، ئۇشبۇ ئىشىككە ئوخشاش رەۋىشتە ياسالغان. بۇ خىل ئوخشاشلىقتىن قارىغاندا بۇ مىمار سەنئىتى پەرغانىگە مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىھنەت ئىزىدۇر.

## 6

ئاپئاق خوجا مازىرىنىڭ غەربىدە بەدۆلەت تەرىپىدىن ياسىتىلغان چوڭ سەھناغا ئىگە ھەشەمەتلىك، كاتتا جامە مەسچىتى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئازنا (جۈمە) كۈنلۈكىدە جۈمە نامىزى، ھېيت كۈنلىرىدە ھېيت نامىزى ئونمىڭلىغان ئىشتىراكچىلىرى بىلەن ئوقۇلىدۇ. بۇ جامەنىڭ بىناسى تۇرپان ئۆيلىرى نۇسخىسىدا گەمە - گۈمبەزلىك ئۆي شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئىككى يېنىدا ئالتىدىن 12 ئېغىز

ئۆينى قوشقاندا جەمئىي 24 ئېغىز ئۆي ئەنە شۇ خىلدا ياسالغان. ئۆيلەرنىڭ ھەر بىر ئېغىزى تەخمىنەن سەككىز كۋادرات مېتىر كۆلەمدە بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋرۈكسىز ۋە ئاسمىسىز ياسالغان ئەگمىلىك تورۇسلىرى گىردابىغا ۋە تاملىرىغا چىقىرىلغان ئەگمىلىرى، ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ئەگمە مېھرابلىرى ئارىلىقلىرىدىكى بىر-بىرىنى تۇتاشتۇ-رىدىغان ئويۇقلىرى، ئىچىگە كىرىدىغان ئەگمە ئىشىك يوللىرى بار.

بۇ قۇرۇلۇش ياسالغان چاغدا ھازىرقىدەك سېمونت لاي يوق، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى ۋە زامانىۋى ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۆز زامانى-سىدىكى مۇھەندىس (ئىنژېنېر)لار ئادددىي سايمانلار، يەرلىك ماتېرىياللار بىلەن مۇشۇنداق ئېگىز ۋە چوڭ كۆلەملىك ئىمارەتنى شۇنچىۋالا مۇستەھكەم، ھەشەمەتلىك ھالدا ياساپ چىققان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىدىكى ماھا-رەت، ئەقىل-ئىدراكنىڭ قانچىلىك ئۈستۈن ئىكەنلى-كىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

جامەنىڭ ئالدىدىكى 40 مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى گۈزەل پېشايۋان بۇ جامەگە يەنىمۇ سۈلكەت-ھۆسن بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تورۇسلىرى، غولاچ چوڭلۇق-تىكى ئۇزۇن-ئۇزۇن تۈۋرۈكلىرى، ئۇنىڭغا ئويۇلغان نەقىشلەر، پارقىراق سىرلار دىققەتنى تارتىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ، پېشايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان ئالتە كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى پەتنۇس شەكىللىك گۈللۈك نەقىشلەر گۈلزارلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ.

× × ×

ئۇزاق تارىختا، شۇنىڭدەك ئۆزىگە خاس مىللىي
ئۇسلۇبقا ئىگە ئۇيغۇر مىمارچىلىق سەنئىتى قەدىمكى مەدە-
نىي يادىكارلىقلار، مىڭئۆي بېزەكلىرىدىكى ئىمارەتلەردىن
نامايان بولغىنىدەك، بۇ ئۆچمەس ۋە ئۆلمەس گۈزەل
ئوبرازنى «ھەزرەت»تىكى بىر يۈرۈش ئىمارەتلەردىنمۇ
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

[illegible]

## قەشقەر شەھىرىنىڭ قەدىمىي دەرۋازىلىرى.

دۇنياغا مەشھۇر قەشقەر شەھىرى قەلئەسىنىڭ مەش-
ھەد، جان ئۆي، تەختىيۇن (تەختى ھون) ئاتالغان ئەسلى
ئورۇنلىرى يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق، سۇ ئاپىتى قا-
تارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ،
ھازىرقى مەۋجۇت قەلئە ئورنى بارلىققا كەلگەن. شۇ
زامانىنىڭ ئارخىتېكتورلىرى، مۇھەندىسلىرىنىڭ باش قاتۇ-
رۇپ پىلانلىشى نەتىجىسىدە، بۇ مۇۋاپىق جاي تاللانغان.
بۇ يەرنىڭ ئورنى ئېگىزلىكتە (شىمالدا جان قورغان
ئېگىزلىكى، غەربتە يار باغ ئېگىزلىكى، جەنۇبتا ئارا يار
ئېگىزلىكى، شەرقتە ئورانتاي ئېگىزلىكى بار ئىدى) بول-
غانلىقتىن، تاشقىرى، ھاۋاسىنىڭ ساپلىقى، شەرقنى شىمال
تەرەپتە ئېقىپ تۇرىدىغان تۈمەن دەرياسى، غەربىي شى-
مال تەرىپىدىكى بۇلاقلارنىڭ يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان سال-
قىنلىقى بۇ ئورۇننىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئىدى. بو-
لۇپمۇ شىمالدىكى جان قورغان ئېگىزلىكى شەھەر مۇدا-
پىئەسى ئۈچۈن مۇھىم جاي بولۇپ، ئېگىزلىككە قۇ-
رۇلغان سېپىللار قەلئەنى مۇستەھكەم ئوراپ تۇراتتى.
دەسلەپكى قەلئە بەرپا بولغاندا، ئۈچ تەرەپتىن كىرىش-
چىقىش ئېغىزى (دەرۋازا) قويۇلغان؛ بۇ دەرۋازىلار قەل-

ـتەنىڭ مۇھىم ۋە ستراتېگىيىلىك جايلىرىغا ئورنىتىلغان،
قاملىرى ئۆزىگە خاس مەنىلەر بىلەن سۈپەتلەندۈرۈلگەن.
بىز تۆۋەندە ئاساسلىقى ئەنە شۇ ئۈچ دەرۋازا ھەق-
قىدە توختىلىمىز.

1

«توقۇزاق دەرۋازىسى» — قەلئەنىڭ غەربىدىكى
دەرۋازا بولۇپ، قاتناش جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئون نەچچە
كىلومېتر يىراقلىقتىكى ئۇدۇلى بولغان «توقۇزاق»
دېگەن يۇرت ئۇنىڭ بېرىش - كېلىش ئوبيېكتى ئىدى.
شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ دەرۋازىنىڭ نامى «توقۇزاق
دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ دەرۋازىنىڭ سىرتىقى
ئالدى تەرىپىدىكى (ھازىرقى ھېيتگاھ مەيدانى) قومۇش-
لۇق (سازلىق)، گۆرىستان قاتارلىق جايلارنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، ھازىرقى ئۆستەڭبويى ئاتالغان جاينىڭ ئەت-
راپى باغلار بىلەن ئورالغان، ھازىر ئۇ يەر يەنىلا «باغ
كوچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ غەربىي يېزىلاردىن كەلگەنلەر-
نىڭ قونالغۇ جايى «قوناق سارىيى»، شەھەرگە سۇ كى-
رىدىغان ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتىدىغان «توقۇزاق يولى»
ئەنە شۇ «توقۇزاق دەرۋازىسى» بىلەن بىۋاسىتە
مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بۇ دەرۋازىنىڭ شەرقىي تەرىپى شەھەرنىڭ مەر-
كىزىي ئورنى بولغان «كونا ئوردا»، «ئارا ئوردا» قاتار-
لىقلارغا ئۇدۇل بولۇپ، ئارىلىقى 200 — 300 مېتر كې-

لەيتتى. بۇ مۇساپىنى «ئوردا ئىشىكى» ئاتالغان ئوردا
دەرۋازىسى ئۈزۈپ تاشلايتتى. «توققۇزاق دەرۋازىسى»
نىڭ شىمالىي تەرىپى يارباغ ئېگىزلىكىگە جايلاشقان
بولۇپ، «يارلىق باغ» (يار باغ)، «تۆرە يار باغ» ئاتال-
غان شىمالدىكى باغلار سېپىل ئېشىدىن ئۆزىنىڭ خۇش بۇيى
پۇراقلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. جەنۇبىي تەرىپى «بەشئېرىق»
ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەرنى تۈمەن دەريا
سۈيى بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ ئېرىقلىرى شەھەر سىر-
تىدىكى «قۇمئېرىق» (ھازىرقى ئەلچىخانا رەستىسى) دىن
ئۆتۈپ، دەرۋازىنىڭ سۇ كۆۋرۈكى ئارقىلىق قەلئە ئىچىگە
كىرەتتى.

توققۇزاق — بۈگۈن قەشقەر (كونا شەھەر) نىڭ چوڭ
بەگلىك رايونى بولۇپ، 17 بەگلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالات-
تى. ئۇنىڭدا نامى ئوخشايدىغان «توققۇزاق»، «ئوغۇساق»،
«ئېنساق»، «قۇنساق»، «تۆكساق» ناملىق جايلار مەۋجۇت.
شىمالدىكى ئۈستۈن ئاتۇشتا ئېكىساق، بەيساق دېگەن
ئىككى ئاھاڭداش كەنتمۇ بار. بۇ، توققۇزاقنىڭ ئۇمۇمىي
كەۋدىسى ئىدى. لېكىن، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەق-
قىدە ھەر خىل قاراشلار بار. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر
«بۇ رايون مول ھوسۇللۇق، تۇرمۇشتا باياشات بولغانلىقى
ئۈچۈن «توق قورساق جاي،» دەپ تەرىپلىنىدۇ. تارىخ-
چى ئىمىر ھۈسەيىن قازى «ئۆتمۈشتە توققۇزاق تەۋە-
سىدە توققۇز پارچە ئاق زېمىن بار ئىدى، شۇڭا،
توققۇز ئاق دېيىلەتتى»، دېگەننى ئالغا سۈرىدۇ.
يېقىندا قەمەرجاننىڭ «قەشقەر گېزىتى»دە، ئېلان قىلىن-

غان «قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل-دەرۋازىلىرى». سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە «بۇ دەرۋازىنىڭ نامى «توققۇزئاق دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلاتتى، كېيىنچە جانلىق تىلدا «توققۇزاق دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى» دەپ يېزىلغان. بۇ ھەقتە مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: توققۇزاقنىڭ ھازىرقى بازىرى قەشقەر شەھىرىدىن 16 كىلومېتر يىراقلىقتىكى غەرب تەرەپتە. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ساقلار (ساكلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مىلادىيىدىن ئون ئەسىر ئىلگىرى غەربىي سىبىرىيىدە ياشايتتى. ئۇلار مىلادىيىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن. ئۇلارنىڭ ساق ئىمپېرىيىسى ئىرانلىقلار بىلەن ئۇرۇشقان، كېيىنكى چاغلاردا شارمانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قارادېڭىزنىڭ شىمالىغا كۆچكەن، ئۇلار ئەينى چاغلاردا بۇ جايدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىز-نامى بۇ ئەتراپتا ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، «توققۇزاق»، «ئوغۇساق»، «تۆكىساق»، «ئېنساق»، «قۇنساق»، «بەيساق»، «ئېكىساق» مانا بۇ يۇرتلارنى ساقلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايىنىڭ نامى ياكى قەبىلىلىرىنىڭ نامى دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك «توققۇزاق»، توققۇز ساقلارنىڭ مەركەزلەشكەن ئورنى بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نام كېلىپ چىقىشلار ئۆزگىرىپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ نامى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. «توققۇزاق دەرۋازىسى» شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى مۇھىم قاتناش لىنىيىسى بولۇپ، شەھەرنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى يېزا-كەنت ئاھالىلىرىمۇ بۇ دەرۋازا ئار-

قىلىنىق شەھەرگە كىرەتتى. لېكىن، غەربتىكى ساقلار ئول-
تۇراقلاشقان «توققۇزاق» خەلقى شەھەرگە ئۇدول كىرى-
دىغان ھەم قاتنىغۇچىلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان
بولغاچقا «توققۇزاق دەرۋازىسى» دەپ نام ئالغان.

بۇ دەرۋازا ئۆز قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ 1839 - يىل-
دىكى زوھورىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەر قەلئەسىنى
كېڭەيتىپ، تاشقارقى شەھەر قىسمىنى قوشقانغا قەدەر ئۆز
ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن «توققۇزاق دەر-
ۋازا گۆزىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئىدى. ئارىدىن
98 يىل ئۆتۈپ، بۇ گۆزەرنىڭ يەر شەكلى 1937 - يىل-
دىكى شېڭ شىسەي مەمۇرىيىتىنىڭ يۈرگۈزگەن كوچا ئىس-
لاھاتى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۆزگەردى. لېكىن، ئۆز
نامىنى بۇ كۈنگىچە قەدەر ساقلاپ كەلدى.

2

قەشقەر شەھىرى قەلئەسىنىڭ شەرقىتىكى دەرۋازىسى
«سۇ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ دەرۋازا ئور-
نى قەلئەنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمال تەرى-
پى جان قورغان ئېگىزلىكىگە، جەنۇب تەرىپى «كەل» (تاز)
لار مەھەللىسى① ئالدىدىكى ئېگىز يارلىققا، شەرقىي تە-
رىپى بۇلاق ئويمانلىقىغا، غەربىي تەرىپى ئارا ئوردا ۋە
ئۆي كوچا دوقمۇشىغا تۇرۇنلاشقان (ئۆي كوچا بىر زا-
مانلاردا قاماقخانىلىق رولىنىمۇ ئوينىغان.)
بۇ دەرۋازا ھەربىي ئىشلاردا ستراتېگىيىلىك مۇھىم

① كەل — ئۆزبېكلەر تاز كىشىنى «كەل» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەھەل-
لىنىڭ تازباش ئادەملەر كۆپرەك بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان.

ئورۇن بولۇپ، بىر تەرەپتىن شەھەر ئاھالىسىنى قويىندى-
كى بۇلاق سۈيى بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن
ئەتراپىدىكى ئېگىزلىكلەر بىلەن سېپىللىق رولىنى ئوينايتتى.

«سۇ دەرۋازىسى» — «بۇلاقبېشى» ئاتالغان ئوي-
مانلىقنىڭ غەربىي ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئوي-
ماندىن تەخمىنەن 100 مېتىر ئېگىزلىك ئۈستىگە قۇرۇل-
غان. زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دەرۋازىنىڭ
جەنۇبىي تەرىپىگە مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن سېلىنغان
راۋاق، يۈكسىلىشكە باشلىغان «بۇلاق»نىڭ خۇش مەن-
زىرىلىرى بۇ دەرۋازىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان ئىدى.

دەرۋازىنىڭ «سۇ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىشى بىر
تەرەپتىن شەھەر خەلقىنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە بى-
ۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن
كىشىلەرنىڭ 100 مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتىن، يۈزلىگەن
پەلەمپەيلەر ئارقىلىق قوللىرىدا، مۈرىلىرىدە سۇ توشۇپ
ئىچكەنلىكى سەۋەب بولغان.

قەشقەردىكى قەدىمىي ئۈچ دەرۋازىنىڭ بىرى بول-
غان «سۇ دەرۋازىسى»مۇ شەھەرنىڭ ئاساسلىق قاتناش
يولى بولمىغان بولسا، بۇلاق ئېگىزلىكىگە دەرۋازا ئورنى-
تىلىشى ھاجەتسىز بولغان بولاتتى. دەرۋازا ئورنىتىلغان ئۈ-
چۈن، بۇلاق بويىدا يولىنىڭ بارلىقى چوقۇم، ئانا شۇ
پاكىتقا ئاساسلانغاندا، بۇلاق ئويمانلىقى شەھەر قەلئە-
سىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇ ئورۇن سېپىل ئىچىگە ياكى
مەخسۇس دائىرە ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن. دېمەك، قارا-
خانىلار بىلەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدا بۇ دەرۋازا

رەسمىنى دەرۋازا ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە زوھورىددىن
ھاكىمبەگ 1839 - يىلى شەھەرنى كېڭەيتكەندە، بۇ-
لاق، ئويمانلىقى سېپىل ئىچىگە ئېلىنغان. ئۇ چاغدا
بۇرۇنقى دەرۋازىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ياكى
بۇلاقنىڭ جەنۇبىدىكى ئازغىنا يىراقلىقتا «تۆشۈك دەر-
ۋازا» ئاملىق دەرۋازا ئېچىلغانلىقتىن، «سۇ دەرۋازىسى»
ئىھتىياجدىن قالغان ئىدى.

3

قەشقەر شەھىرى قەلئەسىنىڭ بۇرۇنقى يەنە بىر
دەرۋازىسى «قاراقى دەرۋازىسى». بۇ دەرۋازا قەلئەنىڭ
جەنۇبىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، شىمال تەرىپى ھا-
زىرقى سابىق مەھەللىسى بىلەن ئەبرىشىمكار مەھەللى-
سىدىكى ئېگىزلىك بىلەن، جەنۇب تەرەپتىن ھازىرقى
ئەلگەكچى كوچا ئېگىزلىكىنىڭ دوقمۇشىغا ئورنىتىلغان.
ئۇنىڭ تاشقى تەرىپى قىزىل دەرياغا ئۇدۇل بولۇپ،
ئىچكى تەرىپى شەھەرنىڭ شۇ چاغدىكى مەركىزى ئورنى
بولغان چاھارسۇ - چاسا (تۆت كوچا) يولىغا تۇتاشتۇ-
رۇلغان. بۇ دەرۋازا مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە
بولۇپ، قەلئە سىرتىدىكى ئۇزۇن سوزۇلغان ئازا يار جىل-
غىسى، ئۇدۇلىدىكى «بورىچى كوچا»، «گۆر باغ»، «قازان-
چى يار يېنى» قاتارلىق ئورۇنلار جايلاشقان بىر
يۈرۈش ئېگىزلىكلەرنى سىرتتا قالدۇرۇپ ئورنىتىلغان
ئىدى. بولۇپمۇ جەنۇبتىكى «نەسكى ھىنبار (نەسكى سا)»

دىكى ھەربىي لاگىر بىلەن بۇ قەلئە بىۋاسىتە مۇناسى-
ۋەتلىك ئىدى. دەرۋازا نامى باشقا دەرۋازىلارغا ئوخ-
شاش ئالاھىدە سۈپەتكە ئىگە. ئۇنى بەزىلەر «قاراقىر
دەرۋازىسى» دەپ ئاتىسا، بەزىلەر «قارىقى دەرۋازا»
دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھەقتە قەمەرجان ئۆزىنىڭ «قەشقەر
شەھىرىنىڭ سېپىل ۋە دەرۋازىلىرى» ناملىق ماقالىسىدە
مۇنداق شەرھلەيدۇ: «قاراقىر دەرۋازىسى قەشقەر شەھى-
رىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ
ھازىرقى قىچىرچى، ئارا باغ، بارىن قاتارلىق كەنتلى-
رىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئومۇملاشقان نامى ئىدى. شۇنىڭ-
دەك، بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەينى
چاغدىكى سۇلالىلەرنىڭ ئىچكى قوغداش قىسىملىرى مۇ-
شۇ دەرۋازا ئارقىلىق شەھەر سىرتىدىكى مەيدانغا چىقىپ،
قارىغا ئوق ئېتىپ مەشق ئويناپ كېلەتتى. ھازىر يىللار-
نىڭ ئۆتۈشى بىلەن جانلىق تىلدا «قارىقى دەرۋازا دەپ
ئاتىلىدۇ...» بۇ ھەقتە مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق:

1) «قاراقىر» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مەشق مەي-
دانىنىڭ ئورنى ۋە ئىزى ھازىر شەھەرنىڭ يېقىنىدىلا
ئەمەس، بەلكى يىراقراق جايدىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.
باشقا جايلارغا ئوخشاشلا ئۆزى يوقالسىمۇ نامى، ئورنى
ئۆچمەيدىغان «قارا قىر» دېگەن نامنى تاپقىلى بولماي-
دۇ. 2) يېڭىشەھەرنىڭ ئورنى ئاشۇ چاغدا يوق بولۇپ،
توقۇزاققا ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار-
نىڭ ئەنئەنىۋى نامى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ، خەلق تى-
لىدا سۆزلىنىپ، ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، بۇنىڭدىن

1300 يىل ئىلگىرى (مىلادى 715 - يىلى ئەرەب ئۇمەييە دۆلىتىنىڭ خۇراسان ئەمىرى قۇتەيبە (مۇسلىم ئوغلى) قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە، بىر مەزگىل ھازىرقى بارىن (يېڭىشەھەر)دە تۇرغانلىقتىن، بۇ ئورۇننىڭ ئىككى دەريا ئارىلىقىدا ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن «بەھرەيىن»① دەپ ئات قويۇشقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى بىلەن «بارىن» بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «قىچىرچى»، «ئارا باغ» قاتارلىق يېزا-كەنتلەر ئۆز نامى بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

«قارىقى»دېگەن ئاتالغۇ ئۇيغۇر سۆزلۈكىدە ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: بىرى، كۆزنىڭ قارىقى، يەنە بىرى، كىشىلەر يامان كۆرىدىغان پەسكەشلەر ئۈچۈن بېرىلگەن نام، تۈركىي تىلدا «قاراق» سۆزى «بۇلاڭ - تالاڭ»دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئادەتتە بۇلاڭچىلار «قاراقچى»دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، «قارىقى دەرۋازا» دېگەن نام ياكى ئەتراپىدىكى گۈزەل دەريا ساھىلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان كۆزنىڭ قارىقى، ياكى ئىلگىرىكى زامانلاردا بۇ ئەتراپتا ئوغرى - بۇلاڭچىلار زوراۋانلىق

---

① بەھرەيىن - 1936 - يىلى چىققان «قەشقەر دېگى ھايات» گېزىتىدە، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى بارىن دېگەن جاي نامى ئەرەبتىن كىرگەن «بەھرەيىن» سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئاتىلىشى دەپ شەرھلىگەن.

قىلغان بولسا «قاراقچىلار ماكانى» دېيىلگەن بولۇشى ئېھتىمال. «قارىقى دەرۋازىسى» 1839 - يىلدىكى شەھەرنى كېڭەيتىش ئىسلاھاتىدا ئېلىپ تاشلىنىپ، يولغا قوشۇۋېتىلگەن. ھازىرمۇ بۇ نام خەلق ئىچىدە، تىللاردا ساقلىنىپ، بىر گۈزەرنىڭ نامى بولۇپ كەلمەكتە.

## يومىلاقشەھەر قەلئەسى

«يومىلاقشەھەر» قەلئەسى 16 ـ ئەسىردە ياشىغان
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەركەردىسى مىرزا ھەيدەر كورا-
گان قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ياساتقان تۆت چوڭ
باغنىڭ بىرى ــ «گۈلباغ» بولۇپ، ئەينى چاغلاردىكى
ئەڭ گۈزەل باغلاردىن ئىدى. لېكىن، بۇ باغنى دەسلەپ
ئاپاق خوجىنىڭ سوپى ــ ئىشانلىرى، كېيىن بولسا ئارقا-
ئارقىدىن سېلىنغان ھەربىي گازارمىلار ۋەيران قىلىۋەت-
كەن ئىدى. بۇ باغ بىر مەزگىل مانجۇ قوشۇنلىرى تۇ-
رىدىغان گازارمىغا ئايلانغان بولۇپ، 1827 ـ يىلى
يۈز بەرگەن جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى توپىلىڭىدىن، پۈ-
تۈنلەي ۋەيران بولغان ئىدى. 1839 ـ يىلى زوھۇردىن
ھېكىمبەگ شەھەرنى كېڭەيتكەندە، باغنىڭ شەرق تەرى-
پىگە شەھەر سېپىلىغا ئۇلاپ سېپىل سوقتۇرغان بولسىمۇ،
لېكىن ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت زامانىسىدا) بۇ جاي پۈ-
تۈنلەي تاشلىنىپ قالغان ئىدى. 1898 ـ يىلى، مانجۇ
ئەمەلدارى لۇيجى دارىن بۇ ئورۇننى يېڭىباشتىن ياسى-
تىپ، ئۆزى تۇرىدىغان قەلئە قىلدى. شەھەر سېپىلىنىڭ
غەربىي تەرىپىگە يانداپ سېلىنغان بۇ قەلئە يومىلاق ئىدا-
رىلىك سېپىل بىلەن ئورالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «يو-

ملاقشەھەر» دەپ ئاتىلغان ئىدى. بۇ قەلئەنىڭ شەرق تەرىپى سېپىل ئارقىلىق شەھەرگە، قالغان ئۈچ تەرىپى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا تۇتىشاتتى. شۋېد مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى دوختۇرخانىسىمۇ قەلئە سېپىلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تۇتاش ئورۇنلاشقان ئىدى. يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى دەسلەپ سېلىنغاندا، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە قوش قاناتلىق بىرلا ئايلانما دەرۋازىسى بار ئىدى. 1909 - يىلى مانجۇ ئەمەلدارى لۇسەن شاۋيى قەلئەنىڭ شەرق تەرىپىگە كىچىك بىر يامۇل سالدۇردى. بۇ يامۇل كېيىنكى كۈنلەردە «شەتەي يامۇلى» دەپ ئاتالدى، چۈنكى بۇ 1912 — 1924 - يىللاردا دەۋر سۈرگەن تىتەي ما فۇشىڭنىڭ ئوغلى شەتەي (لۈيجاڭ) ماجىۋۇغىمۇ ئوردا بولدى ۋە قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە يەنە بىر دەرۋازا ئېچىلىپ، خەلق بۇنى «يېڭى دەرۋازا» دەپ ئاتىدى. بۇ دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن، قەلئە ئىچىدە شەھەر بىلەن يېزىدىكىلەر باردى - كەلدى قىلىشىدىغان بىر يول پەيدا بولدى. شەتەي ماجىنۇۋ يامۇلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى سېپىل ئۈستىگە تۆت قەۋەتلىك بىر راۋاق ياساتتى. «شەتەي راۋىقى» دەپ ئاتالغان بۇ راۋاقنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ تۆت تەرەپتىكى تاملىرى پۈتۈنلەي ئەينەكتىن ياسالغان ئىدى؛ راۋاق ئالدىدىكى «يۇمىلاقشەھەر كۆلى» دەپ ئاتالغان چوڭ كۆلنىڭ ساپ ھاۋالىق مەنزىرىسى «يۇمىلاقشەھەر»نىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشاتتى. [illegible] «شەتەي يامۇلى» قەلئە مەيدانىدىن ئايرىم دەر-

ۋازا بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تە-
رىپىدە ئىككى شىرنىڭ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك لاي ھەيكىلى،
دەرۋازا ئۇدۇلىدىكى ئۇزۇن ھەم ئېگىز جاۋبى تېمىدا
چوڭ بىر ئەجدىھانىڭ ئىنتايىن سۈرلۈك سۈرىتى بار بو-
لۇپ، ئۇلار دەرۋازىدىن كىرگەن - چىققان كىشىلەرگە
خىرىس قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. يامۇلنىڭ
ئىچى خېلى كەڭ بولۇپ، قەلئەنىڭ شىمال تەرىپىدىكى
مەيداندا ئەسكەرلەر ياتاق ئۆيى، مەشق مەيدانى بولغا-
دىن تاشقىرى، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا «شىنپەنتىڭ»
(سوت زالى) دەپ ئاتالغان يامۇلچاقمۇ بار ئىدى. يا-
مۇلچاقنىڭ باش تەرىپىدە بىر خەنزۇچە شۆتاڭ (مەك-
تەپ) بار بولۇپ، بۇ مەكتەپ ئەسلىدە مىنگو (جۇمھۇرى-
يەت) قۇرۇلغاندا يۇرتتىكى بەگلەرگە «تۆت مەسلەك»
تىن دەرس بېرىش ئۈچۈن ئېچىلغان ئىدى. كېيىنچە، بۇ
ئورۇندا ھۆكۈمەت ھېسابىدا ئىككى سىنىپلىق ئوتتۇرا
مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار
قوبۇل قىلىنغان ھەمدە پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا دەرس
ئۆتۈلگەن ئىدى. مەكتەپنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدە كىچىككىنە بىر
مەسچىت بار بولۇپ، ئۇنىڭدا يولدىن ئۆتكەن - كەچكەن-
لەر ۋە يېقىن ئەتراپتىكى سودا - سېتىقچىلار ناماز
ئوقۇيتتى. بۇ كىچىك مەسچىت 1933 - يىلى قىرغىز
ئوسمان ئەلى (ئوسمان تۆگىلىك، ئوسمان شىجاڭمۇ دېيى-
لىدۇ) تەرىپىدىن چوڭايتىلىپ ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن
1937 - يىللىرىدىن كېيىن چىقىۋېتىلگەن ئىدى. ھەي-

دانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تار ۋە ئۇزۇنچاق بىر يول بار بولۇپ («يېڭى دەرۋازا» ئېچىلغاندا پەيدا بولغان يول) شەھەر بىلەن شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سەمەن، شامالباغ، قىزىلدۆۋىدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا ئوتتۇرىسىدىكى باردى - كەلدى مۇشۇ يول بىلەن بېجىرىلەتتى. يولنىڭ جەنۇبىدا سېپىلغا يانداپ سېلىنغان بىر قانچە كىچىك دۇكان ۋە ئۆيلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەينى چاغدىكى كۆرۈكەش، ھاراقخانا، ئەپيۇنكەشلەرگە قارايتتى. يولنىڭ غەرب تەرىپىدە ئاشخانا، ناۋايخانا، ساماۋەرخانىلار بار بولۇپ، بۇلارغا ئۆيغۇرلار ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. يولنىڭ دوقمۇشىدا كىچىكرەك بىر بازارمۇ بار بولۇپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەر سودا - سېتىق قىلىشاتتى.

«يۇمىلاقشەھەر» قەلئەسىگە كەرچە پۇتۇنلەي ھەربىيلەر ئورۇنلاشقان بولسىمۇ ئەمما «بەيشىڭ» دەپ ئاتالغان پۇقرالار قەلئە ئىچىدىكى يولدا ئاساسەن ئەركىن ماڭالايتتى، بىراق، يىلدا بىر - ئىككى قېتىم ياللانما ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشكە تۇتۇلۇپ قالاتتى، يەنى، يىلىدا بىر - ئىككى قېتىم بۇ ئورۇنىنىڭ ئەسكەرلەر سانىنى تەكشۈرۈشكە يۇقىرىدىن ئادەم كېلەتتى. ئەسكەر باشلىقلىرى بۇنداق پەيتتە يولدىن ئۆتكەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئەرلەرنى تۇتۇۋېلىپ ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالدۇرۇپ، سىماۋى كىيىم كىيدۈرۈپ ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ياساندۇراتتى - دە، «كۆزدىن كەچۈرۈش»تىن ئۆتكۈزۈۋېلىپلا قويۇپ بېرەتتى. بۇنىڭ

بىلەن، تۈگۈلۈك، لاۋىيىلارنىڭ «ئەسكەر تولۇقلىمىغانلىق»
جىنايىتى يىپپىلىپلا ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

يېزىدىن شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن ماڭغان كىشىلەر قەلئە سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى خەندەكنىڭ ئۇدۇلىغا كې-
لىشى بىلەنلا، سېپىل تۆۋى بىلەن «خەخۇ» دەپ ئاتال-
غان ئارىلىقتا قىمار ئويناۋاتقان چېرىكلەر بىلەن «سوكو»
دەپ ئاتالغان لوكچەكلەرنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈلسىز غەۋغا-
ماجىرالىرىغا دۇچ كېلەتتى. چېرىكلەرنىڭ قىمارغا بېرى-
لىپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى — ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ
ئۇلارنىڭ مائاش پۇلىنى تولۇق بەرمەي تۇتۇپ قېلىشى بو-
لۇپ، چېرىكلەر مائاشىنىڭ كەم قىسمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن
قىمار ئويناشقا بېرىلەتتى، ئەسكەر باشلىقلىرى كۆرمە-
گەن، ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ، چېرىكلەرنىڭ قىمار ئويني-
شىنى توسمايتتى. چېرىكلەر بەزىدە يېنىدا بار ۋەجىنىڭ
ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ تېخىمۇ ۋەھشىيلىشەتتى - دە،
كېچىلىرى يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا چىقىپ
ئوغرىلىق قىلاتتى، كۈندۈزى شەھەر كوچىلىرىدا يالغۇز
ئۇچرىغانلارنى بۇلاپ تالايتتى. قارشىلىق قىلغانلارنى
قاتتىق دۇمبالايتتى. قىماردا ئۇتتۇۋالغان چېرىكلەر
يولسا ھاراق ئىچىپ، كوچىلاردا دەلدەڭشىپ يۈرەتتى،
خەلق بۇنىڭدىن تولىمۇ بىزار ئىدى.

يولۇچىلار قىمارۋازلارنىڭ غەۋغالىرىدىن قۇتۇ-
لۇپ، قەلئە ئىچىگە قەدەم بېسىشى ھامان ھەربىي ۋە
ھەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئەتراپتىكى ساماۋەرخانىلاردا
ئولتۇرۇپ: مەس، قاپاق چىلىملاردا پۇرقىرىتىپ چېكىش-

ۋاتقان تاماكا، نەشىلەرنىڭ سېسىق، بەتبۇي پۇرىقىنى سېزەتتى. يەنە ئۇن نەچچە قەدەم مېڭىپلا تېخىمۇ بەت-بەشىرە مەنزىرىلەرگە دۇچ كېلەتتى: يەنى، بۇ يەردە ئەپيۇنكەشلەرنىڭ دۇكىنى (پاھىشىخانا) باربولۇپ، ئۇ-لار ئەپيۇن چېكىدىغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار-نى ئەپيۇن ۋە چوكان بىلەن تەمىنلەيتتى. بۇ چوكانلار بىر تەرەپتىن خېرىدارلارنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ جىنسىي تەلىپىنى قاندۇراتتى. ئەگەر بىرەر ئاق كۆڭۈل يولۇچى چىرايىدىن كۈلكە ئۆكسىمەيدىغان بۇ «نازىنىن» لار بىلەن مۇڭدىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى دەرد - ئەلەملىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى؛ بۇ بىچارە ئاياللار ئەسلىدە يىراق يېزىلاردىكى دېھقانلار-نىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئەينى چاغلاردىكى ئادەم ئوغ-رىلىرى تەرىپىدىن ئوغرىلاپ كېلىنىپ، گۆرۈكەش، ئەپ-يۇنكەشلەرگە سېتىلاتتى-دە، ئۆمۈر بويى تېنىنى سېتىش-تەك رەزىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىن-ناتتى.

قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ شىددەتلىك يالقۇنى قەش-قەرگە يېتىپ كېلىپ، «يۇمىلاقشەھەر» قەلئەسىگىمۇ تە-سىر كۆرسەتتى. 1933- يىلى 5- ئاينىڭ 1- كۈنى قەل-ئە ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن ئوسمان ئەلى، ئابدۇقادىر ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ھەممىدىن بۇرۇن، بۇ يەردىكى خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىل-غان، ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىتكەن ئويۇنخانا، گۆرۈ-

رغانا، پاھىشىخانىلارنى چېقىپ تاشلىدى. خوجايىنلار
ئارىسىدىكى قىلمىشى ئېغىرلىرىنى جازالىدى، تۇتقۇن
ئاياللارنى قويۇۋەتتى. 1934- يىلى 8- ئايدا مەھمۇت
مۇھىتىنىڭ قوشۇنى ئۆلكە (شىڭ شىسەي) قوشۇنىنىڭ
6- شىسىغا ئۆزگەرتىلگەندە، بۇ قەلئە 6- شىسىنىڭ قو-
ماندانلىق باش شتابىغا ئۆزگەرتىلدى. كىشىلەر بۇقەل-
ئەنى «شىبۇ» (دىۋىزىيە شتابى) دەپ ئاتايدىغان بول-
دى. مەھمۇت شىجاڭ بۇ ئورۇنغا كۆچۈپ كىرگەندىن كې-
يىن، بۇ يەرنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھەربىي ئورۇنغا
ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. 1940-
يىلى بۇ قەلئەگە گومىنداڭنىڭ لۈيبۇسى ئورۇنلاشقان
ئىدى، ئازادلىقتىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ 13- شىسى
ئورۇنلىشىپ يەنىلا دىۋىزىيە (شىبۇ) دەپ ئاتالدى. 1654-
يىلدىن كېيىن بۇ ئورۇن ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسى بولۇپ قالدى.

بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خانىۋەيرانلىق
ۋە جاھالەت گىردابىغا چۆمگەن بۇ ئورۇن ئازادلىقتىن
كېيىن قايتا گۈللەندى، قەلئە ئەتراپىدىكى سېپىللار ۋە
«شەتەي راۋىقى» چېقىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كۆركەم
قەۋەتلىك بىنالار سېلىنىپ، ئەتراپىنى دەل - دەرەخ ۋە
خۇش پۇراق گۈل - گىياھلار قاپلىدى. ئۆتمۈشتە ناشايان
ھەرىكەتلەر ۋە بۇزۇقچىلىقلار بىلەن تولغان بۇ ئورۇن
ھازىر كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋە غايىگە ئىگە خەلق ساق-

چىلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئائىلىسىگە ئايلاندى. بۇ ئەتراپتا 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن يېڭىدىن ئېچىلغان بازار ئۆزىنىڭ مول مەمۇرچىلىقى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەمىن ئەتمەكتە.

# ئەنجان رەستىسى

ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ئاۋات سودا بازىرى — «ئەنجان رەستىسى» ئىلگىرى قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئاتاقلىق بايلارنىڭ قەبرىسى جايلاشقاندىن باشقا، ئۇزۇندىن - ئۇزاققا سوزۇلغان بىر قومۇشلۇق ئىدى. 1839- يىلغا كەلگەندە، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىشكە كىرىشىپ، ھازىرقى «تاشقارقى شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان جايلارنىمۇ شەھەر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ سېپىل سوقتۇرغان. سېپىلنىڭ شىمالىغا قويۇلغان «يارباغ دەرۋازىسى»نىڭ سېپىل ئىچىدىكى ئىككى قاسنىقى بارا - بارا ئاۋاتلىشىپ، «تاشباي مەھەللىسى» ۋە «سائادەتباي مەھەللىسى» دېگەن ئىككى مەھەللە شەكىللەنگەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قوزغالغان «يەتتە خوجىنىڭ يېغىلىقى» دەۋرى ۋە ياقۇپبەگ زامانىسىدا فەرغانىدىن ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۆزبېكلەر ئاساسلىقى ئاشۇ ئىككى مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. قەشقەر خەلقى ئەينى چاغلاردا فەرغانىنى فارغانە، دەرۋازىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە جايلاشقان ئەنجان شەھىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغاچقا فەرغانىدىن كۆچۈپ

كەلگەن ئۆزبېكلەر ئەنجانلىق، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان ئىككى
مەھەللە (كوچا) «ئالدى ئەنجان كوچىسى» ۋە «ئارقا
ئەنجان كوچىسى» دەپ ئاتالغان. ئالدى ئەنجان كوچىسى-
نىڭ ئالدىدىكى ئۆزۈنىسىغا كەتكەن تار كوچىنىڭ ئىككى
تەرىپىدە، بايلارنىڭ تۆت ئورۇندا سودا سارىيى، خەلق-
نىڭ 100 گە يېقىن ئۇششاق دۇكانلىرى ۋە بىر قىسىم
ئولتۇراق ئۆيلەر بار ئىدى. كېيىنچە، ئەنجاندىن كەلگەن
كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ كوچىغا ئۇششاق دۇكانلارنى
ئېچىپ، ھەر خىل سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇل-
لانغاچقا، بۇ كوچىنىڭ نامى ئەنجان رەستىسى دەپ ئاتى-
لىپ، تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئاغزىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.
ئەينى چاغلاردا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاساسىي تىجا-
رەت ئورنى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ساراي
ۋە رەستىلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، 1920 - يىللارغا
قەدەر ئەنجان رەستىسىدىكى سودا - سېتىقنىڭ تازا
چىغىرى چىقمايدىغان ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ
رەستىگە جايلاشقان بايلارنىڭ سودا - سارايلىرى، ئاۋات
چايخانىلار ۋە رەستىنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئىسمايىل
ھاجىم بىنالەي بىلەن ھېسامىدىن باينىڭ ھەشەمەتلىك
تۆت سودا سارىيىمۇ رەستىگە ھېچقانداق جانلىنىش بېغىش-
لىيالمىغان ئىدى. ئەنجان رەستىسى شەھەرنىڭ شىمالىدى-
كى بىردىنبىر قاتناش يولى بولۇپ، كوچا ئىنتايىن
تار ھەم ئەگرى - بۈگرى ئىدى، ئەگەر ئىككى تەرەپتىن
بىرلا ۋاقىتتا ئىككى مەپە (ھارۋا) كېلىپ قالسا، بىرسى
يارقىغا يانماي بولمايتتى، ناۋادا چاقى چوڭ، ئوقى

ئۆزۈلراق يوق ھارۋىلىرى ئۆتۈپ قالسا، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكاندارلار پۇتلىرىنى دۇكان ئىچىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

1925 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى ياڭزېڭشىن ۋە جىڭ شۇرېنلار دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ رەستە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى. چۈنكى، بۇ مەزگىللەردە، جۇڭگو - سوۋېت سودا كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، مال ئالماشتۇرۇش كەڭ كۆلەمدە باشلانغان ئىدى. قەشقەر شەھىرىدىكى يەرلىك خام ماللار ۋە يىپەك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر خىل كەزلىمە رەخت، پارچۇر بۇيۇم قاتارلىق ماللىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ، ئورغۇنلىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەنجان رەستىسىگە ئورۇنلاشتى، دۇكان يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن، يول ياقىسىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەر دۇكان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. دەسلەپكى بۇ تەرەققىياتتا ئەكىشىپ ئىبراھىم لوزۇڭ، ئابدۇرەھىم بايۋەچچە ۋە ئابدۇللا بايۋەچچىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ماگىزىنلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1928 - يىلى فەرغانىدا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قەشقەر شەھىرىگە قېچىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەنجان رەستىدىن دۇكان تۇتۇپ، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭ بىلەن، 100 يىلدىن ئارتۇق جىمجىت ياتقان بۇ رەستە قايناق تۈس ئېلىپ، ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى: رەستە بويىدىكى

دۇكان ۋە ئۈيلەر ئارقا - ئارقىدىن رېمونت قىلىندى ۋە
قايتىدىن ياسالدى؛ گۈللىنىگەن سودا - سېتىق ئىشلىرى
مەلۇم ھېسابات سەۋىيىسىگە ئىگە. كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق
بولۇپ، خېلى كۆپ ساندىكى ياشلار كۇرسقا تەشكىللىنىپ
ئۆگىنىشكە كىرىشتى، بۇ ئالاھىدە بىر يېڭىلىق بولدى؛
ئابدۇللا بايۋەچچە يارباغ دەرۋازىسى يېنىدىكى «خوجا
ئاكام خوجا» قەبرىستانلىقى ئىچىگە ئىككى سىنىپلىق بىر
مەكتەپ بەرپا قىلىپ ۋە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ
قىلىپ، 50 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى زامانىۋى ئىلىم -
پەن بىلەن ئوقۇتۇشقا باشلىدى؛ بايلار يالغۇز مال سې-
تىش بىلەنلا شۇغۇللانماستىن، ھەر خىل خام ماللارنى
پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، دەسلەپكى
قەدەمدە ئىشچىلار سىنىپىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئەمما، ئەنجان رەستىسى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش
ۋە گۈللىنىش باسقۇچىدا كېتىۋاتقان 1930- ۋە 1935-
يىللىرى بۇ رەستىدىكى دۇكاندارلارنىڭ بەختەستەلىكى
تۇپەيلىدىن، ئىككى قېتىم چوڭ كۆلەملىك ئوت ئاپىتى
يۈز بەردى. ئوت ئاپىتى يالغۇز رەستىنى ۋەيران قىلىپلا
قالماستىن، ھېيتگاھ مەيدانى ئەتراپىدىكى ساراي ۋە
دۇكانلارنى خېلى دەرىجىدە نابۇت قىلدى. دۇكان ئىگىلىرى
ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور زىيانغا ئۇچرىدى. ئوتتا كۆي-
گەن زىياندىن تولا «توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلىغان» زىيان
ئېغىر بولدى ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1934- يىلدىكى فېۋرال
پاجىئەسىدە ماخۇجۇڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ دۇكاندارلار ۋە
شەھەر خەلقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى، 1937-ۋە 1938-يىللى-

رىدىكى شىڭشىسەي ئېلىپ بارغان كوچا ئىسلاھاتى ھەم
ئومۇمىيۈزلۈك مۇسادىرە ھەرىكىتى، 1941 - يىلدىكى مال-
غا باھا قويۇش ھەرىكىتى قاتارلىقلار ئەنجان رەستىدىكى
تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى ھەر تەرەپلىمە زور زىيانغا
ئۇچراتتى، بولۇپمۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىشى
بىلەن چەتتىن كىرىدىغان مال مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈشى،
1947 — 1949 - يىللىرىدىكى پۇل پاخاللىقى سودا-
سېتىق ئىشلىرى ۋە تىجارەتچىلەرگە زور توسالغۇ بولۇپ،
رەستىنىڭ تەرەققىياتى بىر مەزگىل توختاپ قالدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان،
بۇ رەستىنىڭ يېڭى باھارى قايتا باشلىنىپ، ئاپتونوم
رايونىمىز، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ نامى تىلغا ئېلىنىدى-
غان ئۇنىۋېرسال سودا - سېتىق بازىرىغا ئايلاندى. پار-
تىيىمىزنىڭ ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، خەلق تۇر-
مۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە بەلگىلىمە-
لىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ رەستە بۇندىن كېيىن تېخىمۇ
ئاۋاتلىشىپ، تېخىمۇ گۈللەنگۈسى.

# ئىچىنىشلىق نالە - زار ۋە باياشاتلىق
# كۈلكىلىرى قاپلىغان جاي

قەشقەر شەھرىنىڭ كىنىدىكى ھېيتگاھنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىنى كېسىپ ئۆتكەن ھەر قانداق كىشى بۇ يەردىكى باياشاتلىق ۋە مەمۇرچىلىقتىن ئاز- تولا بولسىمۇ بەھرىمەن بولۇپ ھۇزۇرلانماي قالمايدۇ. يىراق- يېقىندىن كەلگەنلەر تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى ھەممە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان بۇ كىچىككىنە مەيدان ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆز قوينىدا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان دەھشەتلىك پىغانلار ئورنىنى شاد- خۇراملىق ۋە باياشاتلىق كۈلكىلىرى ئىگىلىگەن يېڭى بىر جايغا ئايلاندى. بۇ يەردىكى ھەرخىل ئازۇلىمەتلەردىن تەنلىرى يايراپ، شاد كۈلكە، خۇش تەبەسسۇملاردىن قەلبى سۆيۈنگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ جاينىڭ ئىلگىرىكى تارىخىنى بىلمەسلىكى، بەزىلىرى بىلىشنى ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن. مەن، بۇ يەرنىڭ تارىخىي شاھىدى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھەر كۈنى بۇ يەرنى ئارىلاپ ئۆتكىنىمدە بىر - بىرىگە ئەسلا ئوخشىمايـ

بىغان ئىككى خىل كۆرۈنۈشنى كۆڭۈل ئېكرانىمدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزىمەن:

بۇ جاينىڭ ئۇلۇغ تەرەپ دوقمۇشىدا ئازادلىقتىن ئىلگىرى «دېڭىزا» (تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى بۇزغانلارنى تۇختىتىپ قويىدىغان ئورۇن) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بىر ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇ بۇرۇنقى جىبسا (ئىنتىزام تەكشۈرۈش) ئىدارىسىنىڭ رولىنى ئوينايتتى. بۇ ئورۇن ئادەتتە پاششاپ (پادىشاھى شەب)، مىرشەب (ئەمىرى شەب ①) دەپ ئاتالغان بەگلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى، پاششاپ، مىرشەبلەرنى بولسا، شەھەر مەمۇرىيىتىدىكى باش بەگ باشقۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 60 كۋادرات مېترغا يېقىن بولۇپ، تاملىرى بوتكا شەكلىدە ياغاچتىن ياسالغان، بەگلەر ئىشخانىسى، سوراقخانا، قاماقخانا قاتارلىق ئۆيلەرگە بۆلۈنگەن ئىدى. قاماقخانىنىڭ سىرتقا قارىتىلغان تېمى ئورنىغا ياغاچ ۋادەك ئورنىتىلغان بولۇپ بۇ يەرگە قامالغان جىنايەتچىلەر ۋادەكتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېڭىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — شەھەر تەرتىپىنى بۇزغان، جېدەل- ماجىرا چىقارغان، ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى دىكتاتۇرا ئارقىلىق باشقۇرۇش بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە يۇقىرىدا پەيدا بولغان چىرىكلىككە ئەگىشىپ، بۇ يەر دەھشەتلىك بىر ئورۇنغا ئايلاندى، يەنى دوقۇقدارلار ۋە پۇلى بار بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنى ئېزىدىغان، بوزەك قىلىدىغان قورالىغا ئايلاندى.

---

① شەب- كېچە دېگەن مەنىدە

دېڭىزدا ئاتلىنىشقا جىنايەتچىلەرنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇش ئورنى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن قىيناش، ئۇزاق مۇددەت قاماپ قويۇش ۋە جازا قوراللىرى جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي تۈرمىلىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. بەلكى ئەينى زاماندا «ئوغرىلارنىڭ ئەزرائىلى» دەپ نام ئالغان قاتتىق قول زۇنۇنھاجى پاششاپنىڭ بۇ دېڭىزدا بولۇشى بىر «ئارتۇقچىلىق» ئىدى.

سوراقخانىدا قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن قىيناشقا ئۇچرىغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىراشلىرى ھەر كۈنى دېڭىزدەك سىرتقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ بوينى تۆمۈر زەنجىر بىلەن ۋادەككە باغلاپ قويۇلغان جىنايەتچىلەرنىڭ قاتار تۇرۇشلىرى، ئۇلارنىڭ سىرتتىكى كىشىلەرگە تەلمۈرۈشلىرى، ۋادەك يېنىدىن ئۆتكەنلەرگە «بىز ئاچ قالدۇق، پارا بېرىپ قۇتۇلۇشقا قۇربىمىز يەتمىدى... بىزگە رەھىم-شەپقەت قىلىپ بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇۋالساڭلار» دەپ يالۋۇرۇشلىرى كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇراتتى. پۇتلىرىغا ئېغىر كۈندىلار، كىشەنلەر، قوللىرىغا كويزىلار سېلىنغان گۇناھكارلارنىڭ ئورنىدىن قىمىرلىيالماي ياتقان قىياپىتى ۋە تۇۋرۇكلەرگە ئېسىپ قويۇلغان ئىنچىكە بېھى تايىقى، توم ئىككى قىرلىق، ئۈچ قىرلىق ۋە تۆت قىرلىق كالتەكلەر، تۆمۈر زەنجىرلەر، ئىشكەل ۋە كويزىلار، بويۇنغا سېلىپ كالىنى بوغىدىغان شا:للارنىڭ ھەممىسى خۇددى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىنغانىدەك ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېڭىزدا ئۇزاق مۇددەت يېتىپ

كېتىدىغانلارنىڭ بىرى باي، زومىگەرگە قەرزگە بوغۇلۇپ قەرزىنى ئۈزەلمىگەنلەر، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە «تىل تەگكۈزگەن»، «گەدەن قوپۇرغان»لار بولۇپ، ئۇلار باي-لارنىڭ ئىشارىتى ئارقىلىقلا قاماقخانىدا يىللاپ-يىللاپ سولىناتتى؛ يەنە بىرى ئوغرى، يانچۇقچى، باسقۇنچى قاتارلىق تۆھمەتلەر چاپلانغان يوقسۇللار بولۇپ، ئۇلارمۇ قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن قاماقخانىدا كۆپ ياتاتتى، بىرىنچى خىلدىكىلەر قاماقخانىدا قانچىكى كۆپ ياتسا، دېڭزىدىكى بەگلەر ئۈچۈن شۇنچە پايدىلىق ئىدى. يەنى، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، خوتۇن-بالىلىرى تاپقىنىنى بىر تۇغقىنى، ئېرى ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، بەگلەرگە پارا بېرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، جىنايەتچىلەرنىڭ پۈتۈن چىقىمى ئۆز گەدىنىگە بولغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكنىڭ يېڭىسى، ياخشىسى بەگلەرنىڭ، ئاشقىنى جىنايەتچىلەرنىڭ بولاتتى، كەمبەغەل جىنايەتچىلەرگە خەلق بەرگەن ياردەممۇ شۇ تەرىقىدە باشقۇرۇلاتتى.

دېڭزا سەركەردىلىرىنىڭ مەخسۇس چاكەردە① لىرى بولۇپ، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتە قاتراپ يۈرۈپ، كىچىككىنە بىر ئىش بىلەن ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى تۇتۇپ كېلەتتى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرى ئوغ-

① چاكەردە — چاھارگەرد سۆزىنىڭ بۇزۇلۇشى بولۇپ، مەنىسى تۆت بۇلۇڭ، تۆت تەرەپ دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئىستېمال مەنىسى ھەممە تەرەپنى قوغدىغۇچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

رى، يانجۇقچى، باستۇنچىلارنىڭ پېشۋالىرى ئىدى، دېڭىزدىكى بەگلەر بۇنى سېزىپ قالسىمۇ، پارا بىلەن ئېغىز ئاچقۇزمايتتى. چاكەردىلەر بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بىر قىسىم ئوغرى، يانجۇقچىلار ئۇلارنىڭ سايىسىدا خاتىرجەم تۇز «ئوقىتى» بىلەن يۈرۈۋېرەتتى. لېكىن، ھەممە كەلگۈلۈك يەنىلا شۇ بىچارە كەمبەغەللەرگە كېلەتتى.

قەيەردە زۇلۇم، بېسىم كۆپ بولسا شۇنىڭغا قارشىلىقمۇ بولىدۇ. دېگەندەك، چوڭ كاتتىباش ياڭ زېڭشىڭ، جاڭ شۇرېنلارنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئىستىبداتلىق ھاكىمىيىتى ئاخىرى خەلق قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ قوزغىلاڭنىڭ يالقۇنى قەشقەر شەھىرىگىمۇ يېتىپ كەلدى. قەشقەر شەھىرىدىكى ئىستىبداد ھاكىمىيىتىنىڭ ئاپىلىرى خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا ھەر قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن، ھېچبىر پايدىسى تېگىلمىدى. ئەكسىچە، 1933-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، قىرغىز ئوسمان ئەلى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن قەشقەر شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، شەھەر ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋالدى. قوزغىلاڭچىلار ھېيتگاھ مەيدانىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ، دېڭىزنىڭ زادەكلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، بىگۇناھ «جىنايەتچى»لەرنى قۇتۇلدۇردى. ئارقىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دېڭىزنى چېقىپ كۆمبەيكۈم قىلىۋەتتى. ئاندىن نىشانىنى ئەزگۈچى بايلار، بەگلەر ۋە چاكەردىلەر، دوغلارغا قارىتىپ، بىگۇناھ خەلقنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى.

قان شورىغۇچى بايلار، بەگلەر ئىچىدىن بەزىلىرى قېچىپ
كەتكەن بولۇپ، ئۇلارمۇ كېيىن تېگىشلىك جازاسىنى
تارتتى. ئەڭ ئاخىرىدا دىخۇا سەركەردىلىرىدىن ئابلىز-
خان باشچاپ، يۈسۈپ بەگ قاتارلىقلار تۇتۇلۇپ، 1934-
يىلى 10 - ئايلاردا قول-پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنغان
ھالدا، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى-دە، شىڭ شىسەي-
نىڭ مۇدھىش زىندانلىرىدا چىرىپ-سېسىپ كەتتى. لېكىن،
زۇلمەت ئەرۋاھى يۇرتنىڭ بېشىدىن يوقىلىپ كەتمىدى، بەلكى
ئازادلىقتىن كېيىنلا بۇ جاي ھەقىقىي ھۆرلۈك، ئاۋاتلىق،
باياشاتلىق ۋە مەمۇرچىلىق سورۇنىغا ئايلاندى.

## قەشقەردىكى تۇنجى مەرىپەت بوشۇكى — نوبېشى مەكتەپ

مۇشۇ ئەسىر 30 - يىللىرىنىڭ بېشىدا خوجا نىياز هاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى جىن شۇرېننى تەختتىن غۇلاتتى. شىڭ-شىسەي 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى، خوجا نىياز هاجى، مەخمۇت مۇھىتى (شىجاڭ) بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ماجۇڭيىڭ (خۇيزۇ)غا قارشى تۇردى. تەرەققىيپەرۋەر قەشقەر زىيالىيلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تەشۋىق - تەرغىباتنى قانات يايدۇرۇپ، قەشقەردە يېڭى مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. ۋىلايىتىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت بوشۇكى — قەشقەر شەھەرلىك نوبېشى 5 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئەنە شۇ دولقۇنىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (سەيشەنبە) كېچىسى ئوسمان ئەلى («ئوسمان تۆگىلىك» مۇ دېيىلىدۇ) باشچىلىقىدىكى قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئابدۇقادىر هاجى باشچىلىقىدىكى ئاتۇش پىدائىيلىرى قەشقەرنى

بىسىپ ياتقان ماشياۋۋ (خۇيزۇ) قوشۇنىغا شىددەتلىك
ھۇجۇم قىلىپ، تاك سەھەردە شەھەرنى ئىگىلىدى ۋە شۇ
كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا قەشقەر شەھىرىدىكى تۇرمە، كۆرۈخانا،
قىمارخانىلارنى تاقاش بىلەن بىر چاغدا، نوبىبىشىدىكى
«چىك خۇاگمياۋ» بۇتخانىسى ۋە ھېيتگاھ (ھازىرقى
«خەلق» كۆلۈبىنىڭ يازلىق زال ئورنى)، بۇلاق بېشىدىكى
بۇتخانىنى تاقاپ، بۇتلارنى چېقىپ تاشلىدى. ئەتىسى،
يەنى 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، تۆمۈر ئەلى
(شىجاڭ) باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن قەشقەرگە
يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى
خېلىلا مۇقىملاشتى، خەلقنىڭ يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان
تەقەززالىقى يېتەرلىك قوللاشقا ئېرىشتى. قەشقەردىكى
«جەدىدى» دەپ ئاتىلىدىغان زىيالىيلار بىر پەننىي
مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدى، تۆمۈر شىجاڭ،
ئوسمان ئەلىلەر بۇ تەشەببۇسنى قوللىدى. مەكتەپ ئور-
نىنى بېكىتىش مەسىلىسى غۇلغۇلا قىلىنغاندا، كىشىلەر-
نىڭ كۆزى «چىك خۇاگمياۋ» بۇتخانىسىغا چۈشتى، گەر-
چە بۇتلار چېقىلغان بولسىمۇ، بۇت قويۇلغان ئۆيلەر بىلەن
چاگچىلىخانا (زال) زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغاچ، كۆپ
چىقىم قىلمايلا بۇ يەرگە بىر مەكتەپ بىنا قىلىشقا بو-
لاتتى. شۇڭا، بۇ ئورۇننى مەكتەپكە ئۆزگەرتىش قارار
قىلىندى.

بۇ يەردە بىز مۇشۇ بۇتخانىنىڭ تارىخى ئۈستىدە
ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى: 1878 - يىلىنىڭ بېشىدا،
ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) ئۆلتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەت زوزۇڭ-

تىنىڭ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى، زوزۇڭتاڭ ئىشەنچلىك ئادىمى لى جۇيانى قەشقەرنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىدى. لى جۇيا ياقۇپبەگ-نىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان چاغدا، ھېيتگاھ جامەسىنى «بەدۆلەت ياسىغان» دېگەن باھانە بىلەن تاقىتىپ، ئۇنى بۇتخانىغا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شەھەر خەلقى قەشقەرنىڭ باش قازىسى ئابدۇقادىر قازى كالان (ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ چوڭ دادىسى)غا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۇنىڭدىن ھېيتگاھ جامەسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى ئۆتۈندى. ئابدۇقادىر قازى كالان لى جۇياغا خەلقنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزگەندە، لى جۇيا قەتئىي رەت قىلدى. ئابدۇقادىر قازى كالانمۇ تەن بەرمەي، نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن جامە ئالدىغا كەلدى ۋە دەرۋازىغا سىلىنغان يوغان قۇلۇپنى ئۆز قولى بىلەن چېقىپ جامەگە كىرىپ، شۇ كۈنكى جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان لى جۇيا دەر غەزەپ بولۇپ، ئابدۇقادىر قازى كالاننى تۇتقۇن قىلىپ، پۇت-قول، پويۇنلىرىغا كىشەن، تاقاق سىلىپ، گوندىخانىغا قامىۋەتتى، جامەنى يېڭىباشتىن تاقىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى. لى جۇيا ئاخىر ئىشنىڭ ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى-دە، بىر نەچچە ئاي قاماقتا ياتقان ئابدۇقادىر قازى كالاننى قاماقتىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە قويۇۋېتىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە، ئابدۇقادىر قازى كالاندىن بۇتخانا

ياساش ئۇچۇن يەر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇقادىر قازى كالان قاماقتىن چىققاندىن كېيىن، ھەلقتىن ئىئانە توپلاپ، نوبېشىدىكى ئەڭ گۈزەل باغلارنىڭ بىرىنى سېتىۋېلىپ، لى جۇيانىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تاپشۇردى. لى جۇيا بۇ باغنى چېقىپ، بۇتخانا ياساتتى. مانا بۇ بۇتخانا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «چىڭ خۋاڭمياۋ» بۇتخانىسى ئىدى.

مەكتەپنىڭ ئورنى بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقىدا مەكتەپ ياساشقا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىندى. بۇ ھەيئەت خەلقنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا رەسمىي ئىش باشلاندى. تۆمۈر شىنجاڭ، نوسمان ئەلىلەر باش بولۇپ مەكتەپكە ئۇل قويۇش ئەمگىكىگە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلاندى. پۇلى بارلار پۇل، پۇلى يوقلار كۈچ چىقىرىپ ئىش باشلىغان بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى بىر ئايغا قالماي پۈتتى (يېڭىدىن بەزى سىنىپلار ياسالدى، بۇتخانىنىڭ بەزى ئۆيلىرى سىنىپقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ ئۆزگەرتىلدى. سىنىپ، ئىشخانىلار جەمئىي ئالتە ئېغىز ئىدى). ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەكتەپ مۇدىرى، يەرلىك ئۆزبېكلەردىن شائىر تۇرغۇنجان بايۋەچچە (تەخەللۇسى «تولۇنى») ئىلمىي مۇدىر بولدى. ئوتتۇرىدىغان دەرسلەر ئانا تىل، ماتېماتىكا، يۇرت بەلگىسى (تارىخ ۋە جۇغراپىيە) ئەخلاق، تەبىئەت،

دىن، ھېچىزى سەھەت (كېكىنا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.
دەرس بېرىدىغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چەت ئەللەردە ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەلۇمات ئالغان كىشىلەر ئىدى.

1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئابدۇ-كېرىمخان مەخسۇمنىڭ تار بوغۇزدىكى بېغىدا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا تۆمۈر شىجاڭ، ئوسمان ئەلى، قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋالىيسى يۇنۇسبەگ، ھاكىم ئەبرار باي ۋە بىر قىسىم مەشھۇر زىيالىيلار قاتناشتى. مۇراسىمدا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىقلار سۆز قىلىپ، مەكتەپنىڭ مەقسىتى، ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر، ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئۈستىدە توختالدى. ئا-دىن، ئوچىسىغا ماشرەڭدىكى ئال تىرىكىدىن تىكىلگەن كىم-ناستيۇركا، كالتە شىم كىيىپ، بېلىنى كەمەر بىلەن باغ-لىغان؛ پۇتىغا كۆن سەندەل، بېشىغا ئىسپانچە شەپكە كى-يىپ، بوينىغا كۆن سومكا ئاسقان، بويىنىڭ چوڭ-كىچىك-لىكىگە قاراپ رەتلىك تىزىلغان 200 نەپەردىن ئارتۇق بىرىنچى ئەۋلاد پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يۇسۇپ زىيا ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇراسىم مەيدانىغا يېتىپ كەلدى - دە، كۆپچىلىككە گىمناستىكا ۋە باشقا تەنھەرىكەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. ئاندىن روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ، رىتىملىق ئاۋازدا «شەرق» (غەزەل) نى ئوقۇدى:

«ئەۋۋەلدە غۇنچە ئىدۇق،
ئەمدى ئاچىلدۇق.
ئەسىرى مەكتەپكە كېلىپ،

ئوقۇش باشلىدۇق.
قانچە يىللاپ زۇلمەتتە،
بىزلەر خار بولدۇق.
ئوقۇيالماي، ئىرپانغا —
بىزلەر زار بولدۇق.
ئوقۇدۇق مەكتەپتە بىز،
ئالغا باسىمىز.
خەلقىمىزنىڭ باشىغا،
نۇرلار ساچىمىز.
بۇ مۇبارەك يۇرتىمىز،
نۇرى ئىرپاندۇ.
ئىلىم — بىلىم يولىدا،
جانلار قۇرباندۇ.
نەقرات:
ياشىسۇن مەكتەپ!
ياشىسۇن ئىرپان ياشا!
يوقالسۇن زۇلمەت!
يۇرت بولسا بوستان يانا!...»

ھەقىقەتەن بۇ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. ئۇزاق يىللىق تارىخدا مەدرىس بىلەن. ئۇزۇن تونلۇق تالىپلارنىلا كۆرۈپ، بارلىق ئۈمىدىنى ئاشۇ تالىپلارغا باغلاپ كەلگەن؛ پەننىي مەكتەپ ۋە بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان

قەشقەر خەلقىغە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇگۈنكى بۇ سورۇن قالتىس كاتتا يىغىلىش توپلىغان ئىدى. شۇڭا، زور كۆپچىلىك كىشىلەر «پەننىي مەكتەپ» تىن ئىبارەت بۇ يېڭى شەيئىنىڭ كەلگۈسىدە يۇرت ۋە مىللەت ئۈچۈن نۇرغۇن قابىل بىلىم ئىگىلىرىنى يېتىلدۈرىدىغان بىلىم ئوچىقى بولۇپ قېلىشىغا چىن قەلبىدىن تەقداشلىق بىلدۈرۈپ كۆز يېشى قىلسا، يەنە بەزىلەر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان «شەرق» ۋەدىكلاماتسىيىنىڭ مەزمۇنىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلماقتا ئىدى. يەنە بەزىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان كىيىملەر بىلەن چىرايلىق بېزەلگىنىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي يىغلاتتى. چۈنكى، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بايلارنىڭمۇ، نامراتلارنىڭمۇ بالىلىرى بار ئىدى. باللارنىڭ چوڭلىرى 14 — 15 ياشتا، كىچىكلىرى 7 — 8 ياشتا بولۇپ، ھەممىسى ئوغۇل ئىدى. (ئەينى ۋاقىتتا، قەشقەر خەلقى خۇراپاتلىق پاتقىقىغا ئىنتايىن چوڭقۇر پاتقان بولۇپ، قىزلارنى مەكتەپكە جەلپ قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى) ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم-كېچەك، دەپتەر - قەلەملىرى شەھەر خەلقى ئىئانە قىلىغان پۇلغا تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەن ئىدى...

مۇراسىم ئاخىرىدا، مۇراسىم قاتناشچىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى سېخىيلىق بىلەن مەكتەپكە نۇرغۇن پۇل - مال ئىئانە قىلدى. (بىرىنچى بولۇپ ساخاۋەت قولىنى ئاچقان كىشى ئوسمان ئەلى ئىدى)، بۇ ئىئانە مەكتەپنىڭ قارا دوسكا، پارتا ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى تولۇقلاش،

كەلگۈسىدە قوبۇل قىلىنغۇسى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كىتىم-
كىچەك تەييارلاشقا پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى...

ئوقۇش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مۇھەممەت
گەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى — «مەۋلۇد» يېتىپ
كەلدى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا «مەۋلۇد» ناخشىلىرىنى
ئۆتۈپ، بۇ كۈننى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى. 7 - ئاينىڭ
4 - كۈنى ئېچىلغان بۇ خاتىرىلەش مۇراسىمىغا ھەر سا-
ھەنىڭ مەشھۇر ئەرباپلىرى، جۇملىدىن، ھۈنەرۋەن كا-
سىپلار، تىجارەتچىلەرمۇ تەكلىپ قىلىندى، ئوقۇغۇچىلار
ئوقۇغان «مەۋلۇد» قەسىدىلىرى مۇراسىم قاتناشچىلىرىنى
چوڭقۇر تەسىرلەندۇردى. چۈنكى، مۇراسىم قاتناشچىلىرى-
نىڭ بەزىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنى «كالتە قۇيرۇقلار»،
«جەدىدلەر» دەيدىغانلارغا ئەگەشكەنلەردىن ئىدى. ئۇلار
دۇشۇ پائالىيەتنى كۆرۈش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئۆزلىرى بۇرۇن قىياس قىلغاندەك «مۇرتەد» لەردىن
بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ھەم پەننىي
ھەم دىنىي ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ قايىل بولۇشتى. شۇڭا، «مەۋلۇد» نىڭ ئاخىرىدا،
دىنىي ساھە ئەرباپلىرىمۇ بەس - بەس بىلەن پۇل ئى-
ئانە قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن، مەكتەپ تىخىمۇ كۆپ ئىق-
تىسادىي كۈچكە ئىگە بولدى. ئەمدى مەكتەپنىڭ ئالدىدا
تۇرغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە - تىخىمۇ كۆپ بوغۇنلارنى
مەكتەپ قوينىغا جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم-
ئىرپان نۇرى بىلەن يورۇتۇش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يې-
تىش ئۈچۈن، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى چىرايلىق توپۇر

(قاتار) قىلىپ، جەڭگىۋار «شەرق» لەرنى ئوقۇتۇپ. ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم كوچا ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاكىز، رەتلىك كىيىملىرى، پۇتلىرىنى قوماندىغا كەلتۈرۈپ، كۆكرەكلىرىنى تىك تۇتۇپ «كۈپ - كۈپ» دەسسەشلىرى، يۈرەكلىرىنى تىترەتكۈچى يېقىملىق، شوخ ناخشىلىرى ئوقۇش يېشىدىكى باللارنى، جۈملىدىن، زور كۆپچىلىك ئاتا - ئانىلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئاتا - ئانىلار ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىنى بەس - بەس بىلەن مەكتەپكە بېرىشكە باشلىدى. بىراق، مۇشۇنداق، جۇشقۇن كۈنلەردە، يەنى شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇمۇر شىجاڭ ماجيەنساڭنىڭ ئادەملىرىنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ ۋاپات بولدى. قەشقەر يەنە ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. مەكتەپنىڭ تەرەققىيات قەدىمىمۇ ئاستىلاشتى. 1934 - يىلى 1- ئايدا، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەن، بۇ مەكتەپ ئالتە ئاي تاقىلىپ قالدى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (جۈمە) شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن جىمسار دا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1934 - يىلى 7- ئاينىڭ 20 - كۈنى (جۈمە) مەھمۇت مۇھىتى (شىجاڭ) قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، ماجۇڭيىڭنى چەت ئەلگە قوغلىۋەتتى. ماخوسەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قوشۇنىنى خوتەنگە يۆتكەپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن، قەشقەردە تىنچلىق ئورنىتىلدى. مەكتەپ يېڭىباشتىن ئوقۇش باشلىدى. مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇ-

لۇپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشلىق بولدى، مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تۇرغۇنجان بايۇەچچە تەيىنلەندى. مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ياش - قېرى ھەممە يلەن كەچكۇرسىقا جەلپ قىلىندى. تۇرغۇنجان بايۇەچچە، ئامان ئەپەندىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، بۇ مەكتەپتە مۇزىكا كۇرۇژۇكى تەسىس قىلىندى. يېقىندىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىسكىرىپكا چېلىش ۋە ياساشنى ئۆگىنىپ كەلگەن كومپوزىتور سەمەت ئابدۇللا كۇرۇژوكقا يېتەكچىلىك قىلدى، قۇرۇلغۇسى سەنايى نەپىس (سەنئەت ئۆمىكى)گە ئاساس ياراتتى. (شىنجاڭنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئىسكىرىپكىچىلىرى مۇشۇ مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن ئىدى). كۇرۇژوك قاتناشچىلىرى ۋە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ زالىدا كىچىك كومېدىيە ۋە كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاپ، يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلدى، خۇراپاتلىقنى رەھىمسىز تەنقىد قىلدى.

ساۋاتسىزلىقنى يويۇش مەركەز قىلىنغان مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانسېرى، سىنىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىققان ئىدى (كوندوزى باللار، كېچىسى چوڭلار ئوقۇغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ)، ئاتۇش ئېكسپېدىتسىيىسى «ھۆسەيىنىيە» مەكتىپىدىن پەخىرىدىن، شاقاسىم قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار يۆتكەپ كېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ھەل قىلىندى. مەخمۇت مۇھىتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، 1935-يىلى بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر بايلار سەپەرۋەرلىككە

كېيىن، شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىلا
ئەمەس، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا-
كەنتلىرىدىمۇ يۈزلىگەن مەكتەپ، مىڭلىغان سىنىپ بىنا
قىلدى، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى نەچچە ئونمىڭ كىشىگە
يەتتى. بىراق، يەنىلا ئوقۇتقۇچى كەم ئىدى. بۇ
مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرىدىكى بىر
قىسىم دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغار خەلپەتلىرىنى
نوبىشى مەكتەپكە يىغىپ بىر مەزگىل تەربىيىلىگەندىن
كېيىن، ئۇلار شەھەر ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇت-
قۇچىلىققا ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ بىلەن، قەشقەرنىڭ مائا-
رىپ ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.
بۇچاغدا «نوبىشى» مەكتەپ يەنىلا ئەڭ ئالدىنقى قا-
تاردىكى مەكتەپلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى. تەنھەربى-
يەت. گىمناستىكا مۇسابىقىلىرىدا شەھەر بويىچە بىرىن-
چىلىكنى قولدىن بەرمەيتتى.

بۇ مەكتەپتە يەنە ئاتۇش ئىكساق مەكتىپىنى ئۈلگە
قىلىپ، «ئىزچىلار» (ئىزباسارلار) ئەترىتى تەشكىللەن-
گەن بولۇپ، ئۇلار مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا ھەرخىل
پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىپىنى قوغداشتا باشلامچى ۋە ئا-
ۋانگارتلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىنىشى ئالاھىدە بو-
لۇپ، دۈمبىسىگە ئەسكەرلەرنىڭكىدەك سەپەر تۈگۈنچىكى
بىلەن كالتا ساپلىق ئايپالتا تېڭىۋالاتتى. ئۇلار يۈرۈش-
لەردە ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر كېلىدىغان «ئىزچىلار كالتى-
كى»نى مۈرىلىرىگە قويۇشۇپ، «ئىزچىلار ناخشىسى»نى
ياڭرىتىشىپ، كوچا ئايلىنىشاتتى. بۇچاغدا شەھەر ئاھا-

لىلىرى ھەتتا روپاش ئايالللارمۇ ئۆي- ئۆيلەردىن چىقىپ، ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى.

1936 - يىلى مەكتەپنىڭ «ئىزچىلار» يازلىق تەتىل ۋاقتىدا «ئىزچىلار ناخشىسى»نى ياڭرىتىپ، تۇرغۇنجان بايۋەچچە، يۈسۈپ زىيا ئەپەندىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېپىنجا - سىلىنجىلىرىنى يۈدۈپ، پىيادە سەپەرگە ئاتلىنىپ، چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، تاغلاردىن ھالقىپ، ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلدى. ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ، توققۇزاق، ئۇپال، تاشمىلىقلارغا يۈرۈش قىلدى. 40 كۈن ئەتراپىدا داۋام قىلغان بۇ سەپەر «ئىزچى»لارنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇپلا قالماستىن، مۇھىمى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. كېيىنچە، ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «ئىزچى»لار ئەترىتى بارلىققا كەلدى. بارا - بارا، ۋىلايەتنىڭ ھەممە يېرىدىكى مەكتەپلەردە «ئىزچى»لار قوشۇنى پەيدا بولدى. بۇ قوشۇن كېڭەيگەنسېرى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئوقۇش- ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تېزلەشتى...

ئەپسۇسكى، 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى (جۈمە) مەخمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قەشقەردە چوڭ تۇتقۇن يۈرگۈزۈپ، تۇرغۇنجان بايۋەچچە، يۈسۈپ زىيا ئەپەندى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى قولغا ئالدى.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جەسەتكە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. مۇشۇ قانلىق قىرغىندىن كېيىن، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار سودىگەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ بولۇۋالدى. تاكى ئازادلىققا قەدەر بۇ مەكتەپ دەم ئاۋاتلىشىپ، دەم چۆللىشىپ تۇردى. قىسقىسى، ھەر قېتىملىق ھاكىمىيەت ئالمىشىش بۇ مەكتەپكە ئوخشاشمىغان كۆلەمنىش ۋە خارابىلىشىش ئېلىپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ مەكتەپ ئۆز قوينىدا نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ مەكتەپ ئېنىق تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى: سىنىپ ـ ئىشخانىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بىر نەچچە قېتىم رېمونت قىلىندى ـ يېڭىلاندى. ھازىر ئۈچ قەۋەتلىك، 21 سىنىپلىق بۇ مەكتەپتە 1000 لەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى خاتىرجەم ئوقۇماقتا.

ۋىلايىتىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت ئوچىقى ـــ نوبېشى باشلانغۇچ مەكتەپ (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) دۇنياغا كۆز ئاچقان 55 يىلدىن بۇيان، بىسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي مۇساپىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىپ ئەسلەيمىز. بۇ يولدا ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغان تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلىرىمىزنىڭ روھىغا؛ جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۈگۈنگىچە بوغۇنلارنى ئىلىم ـ مەرىپەت سۆيى بىلەن سۇغىرىۋاتقان بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا سەممىي ئېھتىرام

بىلدۈرىمىز! بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەخلاقى-ئەقلى، ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام ئۆسۈپ-يېتىلىپ، ئەجدادلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشى؛ ئېلىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن يارامىلىق ئىز باسارلاردىن. بولۇپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

# قەشقەردىكى تۇنجى ئاياللار مەكتەپلىرى

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قەشقەر شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدا خەلق ئۆزلىرى قۇرغان 100 دىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان بىر نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى قىزلار ئىگىلەيتتى. لېكىن قىزلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئوغۇللارغا قارىغاندا بەكمۇ قىسقا بولۇپ، ئۇلار 10—12 يېشىدىلا بالاغەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەتتى-دە، دەرھال ئاتا-ئانىسى ئۆيگە يىغىۋالاتتى. ئۇ چاغدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تولىمۇ قالاق، دەرسلىك بەكمۇ ئاددىي بولغاچقا، ئۈچ-تۆت يىللىق ئوقۇش داۋامىدا ئازغىنا بىلىملەرنى ئىگىلىگەن قىزلار ئۆيدە رومال ئېچىگە پۈركۈنۈپ بىرەر يىل بولماي تۇرۇپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئومۇمەن، قىزلارنىڭ ياكى ئاياللارنىڭ ساۋات چىقىرىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمما، بىلىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى قىسمەن ھالدا چۈشىنىدىغان بىر قىسىم ئائىلە باشلىقلىرى قىزلىرىنى ئائىلىدە بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئوقۇتۇپ، سەرپ نەھۋى (مىرفولوگىيە سىنتاكسىس) گە ئائىت كىتابلاردىن بىلىم بېرەتتى

ياكى «قارىي» لىقتا ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى
«قۇرئان» نى يادقا ئالدۇراتتى. بۇ ئارقىلىق «موللاخېنىم»،
«قارىيخېنىم» دېگەن ئاتاققا ئىگە بولاتتى لېكىن ئۇلار ھامان
فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدا قىلىنىۋېرىپ،
ئۆز رولىنى قىلچە جارى قىلدۇرالمايتتى. يەنە بىر تەرەپ-
تىن، ئۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا خەت
يېزىش ئۆگىتىلمەيدىغان بولغاچقا، ئوقۇپ ساۋاتى چىققان-
لار «ئېغىز موللىسى» بولۇپ، ئەمەلىيەتتە چالا ساۋات ھېساب-
لىناتتى.

جەمئىيەتتە يېرىم دۇنيا ھېسابلىنىدىغان ئاياللار-
نىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتىكى يۇقىرىقىدەك تەقدىرى
1934- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ
كەلدى. مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە قەدەم بېسىشى بىلەن
تەڭ بۇ خىل ئاسارەت دەسلەپكى قەدەمدە بوشاپ ئايال-
قىزلار مائارىپىنىڭ تۇنجى ئۇلى قۇرۇلدى. مەھمۇت مۇ-
ھىتى قەشقەرگە كېلىپلا، ئۆزى قوماندانلىق قىلغان دې-
ۋىزىيە شتابى جايلاشقان «يۇمىلاقشەھەر: قورغىنى» ئې-
چىدە «مەھمۇدىيە» دېگەن نام بىلەن بىر مەكتەپ ئېچىپ،
ئىككى سىنىپقا قىز ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى لېكىن،
بىرەرمۇ ئايالنىڭ بۇ مەكتەپكە كىرەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن
مەھمۇت مۇھىتى بىر مەزگىل جەمئىيەتنى ئارىلاپ، ئائىلى-
دە ئوقۇپ يېتىشكەن ئاياللاردىن بىر نەچچىنى تېپىپ
چىقتى. ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىدىكى «ئوردا ئالدى
كۆلى» بويىدا، ئولتۇرۇشلۇق ئائىشە سايىت دېگەن خانىم
ئۇلارنىڭ بىرىنچى رەتتىكىسى ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق

ئۆتمەي، ئەنجان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۆزبېك مۇھەد-
دىن جانباي ① نىڭ ھەشەمەتلىك ئازادە ھويلىسىدا
تۇنجى ئاياللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئائىشە خانىم ئوقۇتقۇ-
چىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. بىرلا سىنىپتىن قۇرۇلغان بۇ
مەكتەپتە دەسلەپتە مەھمۇت مۇھىتى ئۆز قىزلىرى، تو-
نۇش-بىلىشلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئوقۇتۇپ، جەمئىيەتكە
ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. كېيىنچە ھەر خىل سورۇنلاردا
ۋە مەتبۇئاتلاردا كۈچلۈك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى.
مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاياللار مائارىپى
مەزمۇن قىلىنغان دراما ۋە كومېدىيىلەر تەييارلىنىپ،
سايانىي نەفىسە سەھنىلىرىدە ئوينالدى. بولۇپمۇ، شۇ
چاغدا ئوينالغان: «جانىم ئاتا، كۆردىڭىزمۇ مەكتەپ ئا-
چىلدى...» ناملىق سوئال-جاۋابلىق كومېدىيىنىڭ پۈ-
تۈن جەريانى، بولۇپمۇ رول ئالغۇچى قىزلارنىڭ كومېدى-
يە ئاخىرىسىدىكى:

«ئاھ، ئادالىق، ساۋاتسىزلىق سەنمۇ تۈگەرسەن،
ئىلىم-بىلىملەرگە مەنمۇ قانارمەن.»

— دېگەن ئاھۇ-زارى تاماشىبىنلارنى ئالاھىدە تە-
سىرلەندۈرگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنجان رەستىسىدى-
كى مەكتەپتە ئاياللار بىلەن تولغان يەنە بىر سىنىپ پەي-
دا بولدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ئىككى ئورۇندا قۇ-
رۇلغان تۆت سىنىپلىق ئايال-قىز ئوقۇغۇچىلارغا قەش-
قەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر تاتارلاردىن يۈ-

① مۇھەددىن جانباي — قەشقەردىكى ئۆزبېك بايلىرىدىن بولۇپ، 1933- يىللىق دەسلەپكى ئىنقىلابتا ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن.

سوپ مۇزەپپەرنىڭ خوتۇنى خەدىچە مۇزەپپەر خانىم بىـ
لەن سالاھىدىن دامولللامنىڭ خوتۇنى مۇشغىپەخانىم دەرسـ
لىك جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئايالللار مائارىپىنىڭ
يۈكسىلىشىگە دەسلەپكى قەدەمدە ھەسسە قوشتى. كېيىن،
بۇ ئىككى ئورۇندىكى مەكتەپنىڭ ئورنى تارلىق قىلىغانـ
لىقتىن، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان دورغا بەگ كۆلـ
بېشىدىكى مەدرىسكە بىرلەشتۈرۈپ يۆتكەپ كېلىندى. بۇ
مەدرىس ئورنىدىكى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوغۇل ئوقۇـ
غۇچىلار مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، قوناق بازىرىدىكى تاجى
ھېكىمبەگنىڭ مەدرىسگە يۆتكەپ كېلىنىپ، نەمۇنە مەكـ
تىپى قۇرۇلدى.

— ئايال قىزلار دورغا بەگ كۆلبېشىدا قۇرۇلغان بۇ
مەكتەپتە ئوغۇللار بىلەن مەلۇم مەزگىل بىللە ئوقۇغان
بولسىمۇ، كېيىنكى تەرەققىيات ئايال-قىزلارنى ئايرىۋېتىشـ
كە مەجبۇر قىلدى-دە، ئايالللار شەھەرنىڭ شىمالىي يا-
قىسىدىكى «پاخال بازىرى» غا قۇرۇلغان چوكانلار مەكـ
تىپىگە چىقىپ كەتتى. چوكانلار مەكتىپىگە قارىتىلغان
كۈچ خېلىلا زور بولۇپ، يۈكسىلىشمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا
تېزلا كۆزگە كۆرۈندى، بۇ مەكتەپ قارمىقىدا يەنە مۇـ
ئەللىمەلىك كۇرسى تەشكىل قىلىنىپ، خېلى كۆپ ئايال
ئوقۇغۇچىلار يېتىشتۈرۈلدى. چوكانلار مەكتىپىنىڭ مۇدىر
ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان موللا باقى ۋە
ئۇنىڭ خوتۇنى مەرىيەمخانىم كۆزگە كۆرۈنگەن مەرىپەتـ
پەرۋەرلەردىن بولغاچقا، مەكتەپنىڭ سەۋىيىسىمۇ يەيدىنـ
پەي ئۆستى.

1940-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەنجان كوچىسىغا جايلاشقان لى جىڭ يامۇل ① دېگەن جايدىكى كېرەمزادە ئابدۇرېھىم ۋە ئابدۇللا بايۋەچچىلەرنىڭ ئازادە ھويلىلىرى (ھازىرقى شەھەرلىك بالىلار باغچىسىنىڭ ئورنى) دا نەزەر باغدىكى دارىلمۇئەللىمىننىڭ تارمىقى بولغان دارىلمۇئەللىمات (مۇئەللىمە تەربىيىلەش ئورنى) قۇرۇلۇپ، ئايال - قىزلار مائارىپى يۈكسىلىشكە قاراپ يۈزلەندى.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئاياللار مائارىپى يەنە مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بىلەن تەڭ قەشقەر ئاياللار مائارىپى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بېسىقىپلا كەتتى، مەكتەپلەر قىسقارتىلدى، كۆپلىگەن كىشىلەر خوتۇن، قىزلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. گەرچە چوكاللار مەكتىپى بىر مەزگىل مەۋجۇت تۇرغان بولسىمۇ، سۈپىتى ئۆزگەرگەنلىكتىن، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇنداق چۈشكۈنلىشىش تاكى ئېلىمىز ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا بۇ ھالەتكە خاتىمە بېرىلىپ، ئاياللار ئازادلىقى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشتى. ئاياللار مائارىپىنىڭ تۈنجى،

① لى جىڭ يامۇل — بۇرۇن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پاچخايا قىلىنغان ئورۇن بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئاخۇن بايۇپلار سېتىۋالغان ۋە ئورنىغا ئۆي ئىمارەت سالدۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقى ئىسمى ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن.

بۆشۈكىدىن يېتىشىپ چىققان بىر قىسىم ئاياللار ئازادلىق-
نىڭ كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى نا-
مايان قىلىپ باشقىلارغا ئۈلگە بولدى، پارتىيىمىز ئايال-
لار خىزمىتىدە توغرا سىياسەتلەرنى بېكىتىپ، ھەر خىل
ئەۋزەل شارائىتلاردىن بەھرىمەن قىلىپ، بارغانسېرى
ئالغا يېتەكلىدى، قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن نەچچە
بالداق ھالقىپ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئې-
رىشتى. دېمەك، قەشقەر ئاياللىرى مائارىپىدىكى تۇنجى
ئەۋلادلار ئىزىدىن بۈگۈنكىدەك ھەممىنى خۇشال ۋە مەھ-
لىيا قىلىدىغان يېڭىلىقلار بەرپا بولدى، بۇرۇنقى ئاقپې-
چە - چۈمبەل، رومال ئىچىگە پۈركەنگەن «موللا خېنىم-
قارى خېنىم»لار ئورنىنى بۈگۈنكى سانسىزلىغان مۇئەل-
لىمە، تېخنىك، ئاگرونوم، ئەدىب ۋە شائىرە... لەر ئىگىلىدى.

## قەشقەردىكى تۈنجى خەرىتە

1933- يىلى 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر دوتەي يامۇل (ۋالىي مەھكىمە) دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا قەشقەر خەلقى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل يېڭىلىق پەيدا بولدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاتايىن بۇ يەرگە كېلىپ بىر نەچچە سائەتلەپ تۇرغان ۋە ئويان - بۇيان كېتىۋېتىپ توختاپ ئۆتكەن تاماشىچىلارنىڭ كۆزى «جاۋبى تام ①» دەپ ئاتالغان ئېگىز تامغا تىكىلەتتى. تام ئالدىغا ياغاچتىن ياسالغان مۇستەھكەم بىر جازا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان شىرە يېنىدا ئوتتۇرا بوي، ئورۇقراق. چىرايى قىزغۇچ ۋە كۆزلىرى كۆك كەلگەن بىر كىشى شىرە ئۈستىگە يېيىلغان قەغەز- گە بىر - بىرلەپ قارىغان ھالدا قولىدىكى ئۇزۇن يا- غاچ سىزغۇچ بىلەن تامنى ئۆلچەپ، كۆك، قىزىل قىرىن-

① دوتەي يامۇل بىلەن يامۇلنىڭ جەنۇبىدىكى پىيادىلار يولىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئېگىز ھەم ئۇزۇنسىغا كەتكەن بىر تام بار بولۇپ، بۇ تامنىڭ ئارىلىقىدىكى مەيدان (بىكار ئورۇن) «جاۋچالا» دەپ ئاتىلاتتى. ئەنە شۇ «جاۋچالا» نىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 7 — 8 مېتىر كېلىدىغان خام خىشتا قوپۇرۇلغان بىر ھەيۋەتلىك تام بار بولۇپ، بۇ «جاۋبى تام» دەپ ئاتىلاتتى. خەرىتە سىزىلىشتىن بۇرۇن بۇ تامدا تولغىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئەجدىھانىڭ رەسمى بار ئىدى.

داشتا ئەگمەچ - چەكمەچ سىزىقلارنى سىزاتتى، كېيىن-
لەر تامدا توختاۋسىز ھاسىل بولۇۋاتقان ھەر خىل سى-
زىقلاردىن گەرچە ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىسىمۇ، لېكىن
خۇددى بىرەر يېڭىلىق شەپىسىنى سەزگەنىدەك، «پۈت-
كەندە كۆرەرمىز» دېيىشىپ، بىر - بىرىگە ئۈمىدلىك
كۆزلىرى بىلەن قارىشاتتى. ئاخىرى كىشىلەرنىڭ دىق-
قىتى بۇ «سىرلىق» مەشغۇلاتنى ئىشلەۋاتقان ھېلىقى
ئادەمگە مەركەزلەشتى بولغاي، ئارىدا تۇرغان سوپى سۇ-
پەت بىر ئادەم يېنىدىكىلەردىن سورىدى:

— كىم ئادەمكەن بۇ؟ تامغا ئۇنداق كۆپ سىزىق-
لارنى سىزىپ نېمە قىلماقچىدۇ؟

ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرمۇ بۇ سوئالنىڭ جاۋا-
بىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، سەل نېرىدا پۈتۈن
دىققىتى بىلەن تامغا قاراپ تۇرغان، كىچىكرەك سەللە
ئورىۋالغان موللا سۇپەت بىر كىشى سۆز ئالدى:

— بۇ كىشىنى تونۇمىغىنىڭلاردىن قارىغاندا سىز
يىراقتىن كەلگەن ئوخشايسىز ئاكا، بۇ كىشىنىڭ نامى —
ئەھمەد فەرىد ئەپەندىم، قەشقەرگە كەلگىنىگە خېلى يىللار
بولدى، ئەسلىدە ئۇ تاتار مىللىتىدىن چىققان كاتتا ئالىم،
ئۇنىڭ ئاۋۇ تامغا سىزىۋاتقىنى خەرىتە.

— خەرىتە؟ خەرىتە دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ سورى-
دى بىر نەچچە كىشى خۇددى كېلىشىۋالغاندەك.

موللا سۇپەت كىشىنىڭ «خەرىتە» توغرىسىدا بەرگەن
قىسقىچە چۈشەنچىسى ۋە باشقا سوئاللارغا بەرگەن جاۋابى
ئەتراپتىكىلەرنى بۇ «يېڭى مۆجىزە» گە تېخىمۇ قىزىقتۇ-

رۇپ، كۆز ئالدىدىكى تامغا تېخىمۇ ئەھمىيا قىلدى. كىشىلەر «خەرىتە» نىڭ تېزراق پۈتۈشىنى كۈتەتتى.

قەشقەرنىڭ كىشىلەر كۆزىگە بەكرەك چېلىقىپ تۇرىدىغان ئاچايىدىكى بۇ تامغا دۇنيا خەرىتىسىنى سىزدۇرۇپ، خەلقنى پۈتۈن دۇنيانىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىدىن خەۋەردار قىلىشنى قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋالىيسى يۈنۈسبەگ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئۆز زامانىسىدا دىنىي ۋە پەننىي بىلىم جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئالىم ئەھمەد فەرىد ئەپەندى، قەشقەردىكى مەشھۇر نەققاش ئامانىخان ئاكا، مەشھۇر خەتتات زىيائىدىن مەخدۇم قاتارلىقلارنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۇ خەرىتە پۈتۈن كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

قەشقەردە تۇنجى بولۇپ بارلىققا كەلگەن، چەيىنىي بەش خىل رەڭدە ئىشلەنگەن بۇ خەرىتە ئىككى پۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر بۆلىكى دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسى ئىدى، يەنە بىر بۆلىكى سەل كىچىكرەك بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسى ئىدى.

قەشقەر خەلقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قوشۇلغان بىر يېڭىلىق — خەرىتىنى بەس ـ بەس بىلەن تەپسىلىي كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن دۇنيادىكى دۆلەتلەر، ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، تاغ ـ دەريالىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشقانلىقىدىن خۇشاللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنەتتى. خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىيەتپەرۋەر شا-

ئىرلار، مۇنداق شېئىرلارنىمۇ يازغان ئىدى: [illegible]

[illegible] ھاۋادا قۇش يەڭلىغ جەۋلان قىلۇرلەر غەيرىي مىل-
لەتلەر، ئۇلاردىن بىز قالدۇق يۈز مىڭ گەز تۆۋەن، ئويلا
[illegible] ئۆممەتلەر.

ئۇخلىدۇق ئويغانماي، ئەللەي ئاستىدا قالدۇق بىزنادان،
قاپلىدى جاھالەت بىر قانچە يىللاپ، باسقاچ غەپلەتلەر،
كۆزنى ئاچ، باق جاھان! قايسى دەۋر بۇ، ئۇقۇغىل ئەمدى،
ياتامسەن ئەي مىللەت خار-زارلىقتا، ئالماي ئىبرەتلەرا

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ھەسرەتنى ماجۇڭيىڭنىڭ باسمىچى قوشۇنلىرى تېخىمۇ ئۇلغايتتى، يەنە شەھەردىكى مەدەنىيەتپەرۋەر نەچچە مىڭلىغان خەلقنى ۋەھشىيانە قىرىش بىلەن بىر چاغدا، مىڭ بىر جاپادا تىكلەنگەن مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. قىرغىنچىلىق راسا ئەۋجىگە چىققان كۈن—1934-يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان ئۇيغۇر-ئۆزبېك پىدائىيلىرى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ شەھەرنىڭ رەستە-كوچىلىرىنى ئىگىلىۋالدى، شەھەر سىرتىدا قالغان ماپۇيۈەن ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇپ كىرىپ پىدائىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ، 40 تەك كىشىنى ئەسىرگە ئالدى ۋە ئەتىسى دوتەي يامۇلىنىڭ تاشقىرىدىكى ھويلىسىدا پىلىموت ئوقى بىلەن قىرىپ تاشلىدى. ۋەھشىيلەر ئۆلەر تىرىلىشىگە قارىماي ئاتقان پىلىموت ئوقلىرىنىڭ بىر قىسمى «جاۋبى» تامدىكى خەرىتىنىڭ سىر ۋە لايلىرىنى قومۇرۇپ پۈتۈنلەي كىرەكتىن چىقىرىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىر مۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپ ياراتقان كەلتۈرگەن، خەلقچىل دىلىدىن، ياخشى كۆرۈپ ئەزىزلىگەن مەدەنىيەت ئەسلىھە-سى—«قەشقەردىكى تۇنجى خەرىتە» ۋەيران بولغان ئىدى.



# كېرەمباغ

قەشقەر شەھرىنىڭ شىمالىدىكى تۈمەن دەريا ياق-
قىسىغا جايلاشقان «كېرەمباغ» دوختۇرخانىسى (ۋىلايەت-
لىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى) نىڭ ئورنى ئىلگىرى
«سالمىلىق يار» دەپ ئاتىلاتتى. سالما، كەسلەنچۈك، كېلە
قاتارلىق ئۇششاق جانلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىلەر
كۈندۈزلىرىمۇ يۈرەكلىك ماڭالمايدىغان بىر ئېگىز يارلىق
ئىدى. ئەينى زاماندىكى قەشقەرنىڭ چوڭ بايلىرىدىن
بىرى بولغان ئابدۇرېھىم بايۋەچچە 1920 - يىلىنىڭ باش-
لىرىدا نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىش ئارقىلىق، بۇ يارلىقتا
كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك بىر باغ بىنا قىلىشقا باشلىغان،
1925 - يىلى رەسمىي پۈتكەن بۇ باغنى ئۆزىنىڭ مەر-
ھۇم دادىسى كېرەم بايۋەچچىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان.
شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ باغقا «كېرەمباغ» دېگەن نام سىڭىپ
كەتكەن.

بۇ ھەشەمەتلىك چوڭ باغنىڭ پۈتكەنلىكى شەرىپىگە
ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەتتە، ئابدۇرېھىم بايۋەچچىنىڭ قەشقەر
شەھىرىدىكى ئاتاقلىق باي ۋە زىيالىي دوست - بۇرادەر-
لىرى جەم بولغان بولۇپ، ئۇلار زىياپەت ۋە ئېكسكۇرسىيە
داۋامىدا بىر تەرەپتىن بايۋەچچىنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن

ئەپلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، باغنىڭ كۆركەملىكىگە بىر ئېغىزدىن مەدھىيە ئوقۇشقان ھەمدە «بۇ باغنىڭ ياسىلىشى يۇرتىمىز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى» دەپ باھا بېرىشكەن. ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن ئەھمەد پاختا دېگەن كىشى توساتتىنلا سۆز ئېلىپ:

— بۇ باغ ناھايىتى كۆركەم، ھەشەمەتلىك ياسىلىپتۇ، شۇڭا بۇنى خەلقنىڭ كېسەللىكىنى داۋالايدىغان بىر دوختۇرخانا قىلسا بولغۇدەك، — دېگەن.

ئۇزۇلاردىنى «ۋەتەنپەرۋەر»، «خەلق سۆيەر» دەپ ئاتايدىغان، ئەمما بەزى مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن «جەدىت» دەپ ھاقارەتلىنىدىغان بۇ زىيالىي دوستلىرىنىڭ ئەھمەد پاختىنىڭ سۆزىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلىكىنى كۆرگەن ئابدۇرېھىم بايۋەچچە:

— مەن شۇنچە نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ بىر باغ بىنا قىلسام، ئەمدى سىلەر ئۇنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ — دېگەندە، ئابدۇرېھىم بايۋەچچىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ ئولتۇرغان بىر ئابىرويلۇق ئەرباب كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بايۋەچچە! سىلە: «خەلقىمنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىلىرىدىن چۈشۈرمەيتتىلا، ئەمدى ۋاقتى كەلگەندە مۇشۇ بىر باغنى خەلقتىن ئاياۋاتاملا؟! — دېگەن. بۇ چاغدا بايۋەچچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن.

— ھەر قايسىلىرىنى نېمە دەركىن، دەپ چاقچاق قىلغان ئىدىم، ئەگەر خەلققە لازىم بولىدىكەن، بۇ

بىر باغ ئەمەس، ئۇن باغ بولسىمۇ تۇتتۇم! — دېگەن.

سورۇندا ئولتۇرغان ھەممەيلەن بايۋەچچىنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىشقان.

ئەل ئىچىدە: «ئېغىزدىن چىققان سۆز سائەت — ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالسا، تەقدىر بولۇپ پۈتۈلىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئابدۇرېھىم بايۋەچچە بۇ باغنى ياساپ ئارىدىن ئۇن يىل ئۆتمەيلا، يەنى 1934 — يىلى 1 — ئايدا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەن مەزگىلدە، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى سېزىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. 1935 — يىلى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئالتىنچى دېۋىزىيىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى بەزىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇ باغنى ھەربىي دوختۇرخانا قىلدى. دوختۇرخانا باشلىقلىقىغا ئابدۇللا خوجا دېگەن كىشىنى بەلگىلەپ، زىيا ۋۇدۇن مەخسۇم باشچىلىقىدىكى تىببىي خادىملارنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆلكە مەركىزى بۇ باغنى خەلق دوختۇرخانىسى قىلىپ قۇرۇشنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن، 30 نەپەر دوختۇر — سېستىرا ۋە ئىشچى — خىزمەتچىسى بولغان بۇ ئورۇن رەسمىي دوختۇرخانا سۈپىتىدە ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئۇ چاغدا، بۇ دوختۇرخانىنىڭ نامى «3 — خەلق دوختۇرخانىسى» دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا «كىبرەمباغ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن دوختۇرخانىنىڭ نامى «ۋىلايەتلىك 1 — خەلق دوختۇرخانىسى» غا

ئۆزگەرتىلىپ، تەرەققىياتى يىلىسېرى تېز بولدى. ئۇرغۇن-لىغان بىمارلار مۇشۇ ئورۇندا كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇ-لۇپ، ھاياتقا قايتىدىن كۆز ئاچتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ئورۇن داۋالاش شارائىتى ئاساسەن تولۇق، 400 كارىۋاتلىق بالنىسقا ئىگە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخا-نىغا ئايلاندى. يېقىندا يەنە 16 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلىمىدىكى سەككىز قەۋەتلىك زامانىۋى قۇرۇلۇش پۈت-كۈزۈلۈپ، داۋالاش ئىشلىرى تېخىمۇ ياخشى شارائىتقا ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «كېرەمباغ» بۇندىن كېيىن تېخىمۇ گۈللەنگۈسى.

دېمەك، بۇندىن 60 يىل بۇرۇن خەلق ئۈچۈن بې-غىشلانغان بۇ باغ شۇندىن بۇيان داۋاملىق خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ كەلدى. ئۇنىڭ 50 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ۋە بۇندىن كېيىن خەلق ئېغىزىدا «كېرەمباغ» دەپ ئاتىلىشى — بۇ باغنىڭ بەرپا بولۇش تارىخىنى كىشى-لەرگە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

# ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇللار

ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىچىكى ھېسابلىنىدىغان پۇل، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ياڭ زېڭشىنىڭ دەۋرىدە قەغەز، كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان ئۈچ خىل ئاقچا ئىدى.

قەغەز ئاقچا — قەغەزدىن ياسالغان پۇل بولۇپ، بۇ خىل پۇل بىر ئۆلكىدە ئىككى خىل قوللىنىلغان، يەنى شىمالىي شىنجاڭدا (ئاقسۇ ۋىلايىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) خەجلىنىدىغىنى «سىڭ فىيۇ» «ئۆلكە پۇلى» دەپ ئاتالسا قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدە خەجلىنىدىغىنى «خا فىيۇ» (قەشقەر پۇلى) دەپ ئاتىلاتتى، خەلق تىلىدا «قەغەز پۇل» دېيىلەتتى.

«سىڭ فىيۇ» تىيىزىسى بىر سەرلىكتىن بىر خىللا بولۇپ، ئادەتتە قىممەت جەھەتتە «خا فىيۇ» تىيىزىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى (بۇ خىل پۇلنىڭ پارچە پۇلى تۇچتىن ياسالغان يارماق بولۇپ، ئۇ، ئۆز ئىسمى تىيىنىدىلا ئۆتەتتى». «خا فىيۇ» تىيىزىسى بىر سەرلىك ۋە تۆت تەڭگىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ئۇنىڭ

بىر سەرلىكى بىر سەر تاۋار كۆمۈش بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە ئىدى، لېكىن، خەلق ئىچىدە بىر سەر پۇل 16 تەڭگە ھېسابلانسا، ھۆكۈمەت ھېسابىدا 400 داچەن مىس پۇل قىممىتىگە ئىگە ئىدى.

كۆمۈش ئاقچا — ئادەتتە تەڭگە پۇل دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تاۋار ئۆلچىمى بويىچە بىر سەر كۆمۈشتىن ياسالغان ئىدى. بۇ خىل پۇلنىڭ پارچىلىرى بىر مىسقال، ئىككى مىسقال، ئۈچ مىسقال، بەش مىسقالدىن ئىبارەت تۆت خىل بولۇپ، ئادەتتە بىر سەر كۆمۈش ئون مىسقال ھېسابلىناتتى.

مىس ئاقچا — ئادەتتە پۇللارنىڭ پارچىسى بولۇپ، بىر داچەن، بەش داچەن، ئون داچەن ۋە 20 داچەن دەپ تۆت خىلغا ئايرىلغان ئىدى، 20 داچەنلىكى ئادەتتە «تىيىن» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

قەغەز ئاقچىنىڭ بىر تۈرى بولغان «خافىيۇ» تىيىزنىڭ بىر سەرى ھازىرقى ئون يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ بولۇپ، پۇلنىڭ ئالدى تەرەپ ئۈستىگە: «بۇ تىيزا پۇل قەشقەر، خوتەن، تەۋەلىكىدە ئۆتىدۇ» دېگەن خەت بېسىلغان بولسا، ئوتتۇرىسىغا «بۇ پۇل — ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى، ھەربىر سەرى 400 داچەنگە باراۋەر» دېگەن خەت بېسىلغان؛ ئارقا تەرىپىگە: «بۇ تىيزا پۇل باج قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يالغان تىيزا چىقارغۇچىلار جازالىنىدۇ» دېگەن خەتلەر بېسىلغان، ئاخىرىغا پۇلنىڭ بېسىلغان ۋاقتى خاتىرىلەنگەن، «خافىيۇ» تىيزىنىڭ تۆت تەڭگىلىكى ھەجىم جەھەتتە سەل كىچىكرەك بولۇپ، مىقدار

جەھەتتە 100 داچەنگە باراۋەر، ئەمما بېسىلغان جەتلىرى
بىر سەرلىك پۇلغا تامامەن ئوخشايتتى. بىر سەرلىك
«خافىيۇ» تېيزىسىنىڭ قىممىتى شۇ چاغدىكى بىر سەر كۈ-
مۈش تەڭگە بىلەن باراۋەر بولۇپ، خەجلىنىشىمۇ پەرق-
لەنمەيتتى. لېكىن، كۈمۈش تەڭگىنىڭ ۋەزنى ئېغىر بول-
غاچقا، كىشىلەر قەغەز پۇلنى ساقلاشقا ئەپلىك، دەپ
قاراپ ئەتىۋارلايتتى، شۇڭا، بەزىدە پۇل سودىگەرلىرى
(سەرراپ) گە كۈمۈش تەڭگە ئۈستىدىن ئىككى - ئۈچ
داچەن پۇل بېرىپ قەغەز پۇلغا ئالماشتۇرۇۋالاتتى. ئۇن-
دىن باشقا، «سىڭ فىيۇ» تېيزىسى جەنۇبتا ئۆتمەيدىغان،
«خافىيۇ» تېيزىسى شىمالدا ئۆتمەيدىغان بولغاچقا، جەنۇب-
تىن شىمالغا بارىدىغانلار «خافىيۇ» تېيزىسىنى، شىمالدىن
جەنۇبقا كەلگەنلەر «سىڭ فىيۇ» تېيزىسىنى بەلگىلىك باھادا
پۇل سودىگەرلىرىگە ساتاتتى. دېمەك، بۇ مەزگىلدە پۇل
بىرخىل تاۋارغا ئايلانغان بولۇپ، ئېلىش - سېتىش با-
ھاسى ھەرگىز مۇقىم بولمىغان، يەنى پۇل ساتىدىغانلار
كۆپ بولغاندا باھا ئەرزان، پۇل ئالىدىغانلار كۆپ بول-
غاندا باھا قىممەت بولغان ئىدى.

بۇ مەزگىلدە سىرتتىن كېلىدىغان ماللارنىڭ باھاسى
مالنىڭ كۆپ كېلىش - كەلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك
بولۇپ، مال باھاسى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن،
ياڭزىڭشىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن 17 يىل داۋامىدا قەغەز
پۇلنىڭ قىممىتى مۇقىم ھەم تۇراقلىق بولۇپ كەلگەن ئىدى.
جىن شۇرېن ھۆكۈم سۈرگەن مەلۇم مەزگىلدە پۇل مۇقىم-
لىقى يەنىلا ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن، 1931 - يىلىغا

كەلگەندە باھا جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇشقا باشلى-
غان، يەنى قومۇل ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە كېڭىيىشى
پۇل مۇقىملىقىنىلا ئەمەس، ۋەزىيەتنىمۇ بۇزۇپ تاشلىغان.
جىن شۇرېن قومۇل ئىنقىلابىنى باستۇرۇشتا زور ھەربىي
چىقىمغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، قەغەز پۇللارنى كۆپلەپ
چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە پۇل پاخاللىقى يۈز
بېرىپ، قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ،
مال باھاسى ئېشىپ كەتكەن، نەتىجىدە، كىشىلەرنىڭ
قەغەز پۇلغا بولغان ئىشەنچىسى ئاجىزلاپ، ئالتۇن ـ
كۈمۈشكە بەكرەك بېرىلىدىغان بولۇۋالغان ھەمدە قوللى-
رىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى سىرتقا چىقارمىغان، مىس
پۇللارمۇ ئوتتۇرىدا كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالغان. 1932 ـ
يىلغا كەلگەندە، مال باھاسى بىراقلا ئۆرلەپ كېتىپ،
قەغەز پۇلغا مال كەلمەس بولۇپ قالغانلىقتىن، «پۇل
قىممەت ـ ئۆلچىمى» مەيدانغا چىققان.

پۇل جىددىيچىلىكى تازا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە
«پارچە پۇل مەسىلىسى» ئوتتۇرىغا چىققان، پارچە پۇللۇق
رولىنى ئوينايدىغان تىيىن ـ داچەنلەر ئوتتۇرىدا يوقاپ
كەتكەچكە، تۆت تەڭگىلىك قەغەز پۇل (سانى ئاز بول-
غاچقا) پارچە پۇللارنىڭ ئورنىنى باسالماي، ئېلىم ـ
سېتىم ئىشلىرىدا پۇل قىيىنچىلىقى تۇغۇلغان، مال سات-
قۇچىلار بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا ھەر كۈنى، ھەر
سائەتتە دېگۈدەك جېدەل ـ ماجىرا بولۇپ تۇرغان. بۇ
ئەھۋالنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋالىي
مەھكىمە بىر مىسقاللىق قەغەز پۇل چىقارغان. 40 داچەن

قىممىتىدىكى بۇ تېيىزا شۋېد مەتبەئەسىدە باستۇرۇلغان
بولۇپ، سانى چەكلىك ھەم قەغىزى نېپىز بولغاچقا، قولـ
دىن قولغا ئۆتۈپ ئىككى ـ ئۈچ قاتلىنىش بىلەنلا يىرتىـ
لىپ كەتكەن، خەلق يىرتىلغان پۇللارنى چاپلىسا سودا ـ
سېتىق ئىشلىرىدا ئۆتمىگەن، دەسلەپتە ئازراق بېسىققان
جېدەل ـ ماجىرا بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپەيگەن، بۇئەھـ
ۋال بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مال باھاسىنى تېخىمۇ
ئۆرلىتىۋەتكەن. بۇ چاغدا، «سودىگەر» لەر قىياپىتىدە
ئوتتۇرىغا چىققان ھۆكۈمەت چېرىكلىرى «پارچە پۇل
مەسىلىسى» نى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن،
دۇكانداردا بىر سەر (16 تەڭگە) پۇل بېرىپ، ئىككى
تەڭگىلىك مال ئېلىپ، قالغان 14 تەڭگە (پارچە پۇل) نى
قايتۇرۇپ بېرىشكە زورلىغان، پارچە پۇللارنى ئاياپ ياكى
پارچە پۇلى بولمىغانلىقتىن پۇل قايتۇرۇپ بېرەلمىگەنـ
لەرنى ھاقارەتلىگەن، ئۇرغان. دوكاندارلار ئىلاجىسىزلىقـ
تىن پارچە پۇل ئورنىغا پۈتۈن پۇللارنى ياكى پۇلنىڭ
قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ماللارنى بېرىشكە
مەجبۇر بولغان.

پۇل پاخاللىقى ئېغىرلاشقانسېرى، قەغەز پۇلنىڭ
ئەتىۋارىمۇ پاخاللاشقان، قولدىن ـ قولغا ئۆتكەنسېرى
پۇرلىشىپ، يىرتىلىپ كەتكەن. ھۆكۈمەت بانكىسى يىرـ
تىلغان پۇللارنى دەسلەپتە يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ بەرگەن
بولسىمۇ، كېيىنچە بۇنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرغان، ھەتتا باج
ئورۇنلىرىمۇ چاپلانغان يىرتىق پۇللارنى ئالمايدىغان
بولۇۋالغان. ئەھۋال شۇنداق داۋاملىشىپ مەلۇم مەزگىلـ

دىن كېيىن «ياماق پۇل» سودىسى بارلىققا كېلىپ، بىر سەر يېڭى قەغەز پۇلى بارلار بۇنى بىر نەچچە سەر ياماق پۇلغا ئالماشتۇرغان، بولۇپمۇ، چېرىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرغان، يەنى ئىش ھەققى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن يېڭى قەغەز پۇللارنىڭ بىر سەرىنى بىر نەچچە سەر ياماق پۇلغا تېگىشكەن، ئەمما، دۇكاندارلارغا زورلۇق ئىشلىتىپ ياماق تىيىننىڭ ئۆز قىممىتى بويىچە مال سېتىۋالغان. لېكىن، ھۆكۈمەت چېرىكلەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئالدىنقى سەپكە بېرىشتەك قىسمەن رولىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ھەرىكىتىنى تىزگىنلىيەلمىگەن. چېرىكلەر تېخىمۇ ئەھەددىيلىشىپ پۇلنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان پاخالى ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان ھەمدە پۇلنى قىمار سورۇنلىرىدا پۇرلاپ، يىرتىپ خەلققە كۆز - كۆز قىلغان. چېرىكلەرنىڭ بۇنداق قىلمىشىغا چىدىيالمىغان خەلق شۇ مەزگىلدىكى ھۆكۈمەتتىن نارازى ھەم بىزار بولغان. مۇشۇنداق جىددىيچىلىك بولۇۋاتقان مەزگىلدە ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر يولى تاقىلىپ ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان پۇل ئۈزۈلگەن، قەشقەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈپىتىدە «ياماق تىيىننىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى 400 داچەن، 100 داچەن دېگەن خەنزۇچە خەت ساق بولسىلا ئۆتتۈۋېرىدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن قالايمىقانچىلىق بىر مەزگىل ئازغىنا ئوڭشالغان بولسىمۇ كېيىن چېرىكلەر يەنە ئىشنى بۇزغان، يەنى ئىش ھەققى ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن ئالغان يېڭى پۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك

خەنزۇچە خەتلەرنى ئويۇپ ئېلىۋېلىپ، يىرتىق پۇللاردىن قوراشتۇرۇلغان ياماق پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاپلىغان، ئوتتۇرىسىدىكى خېتى ئويۇۋېلىنغان يېڭى پۇللارغا بولسا يىرتىق پۇلنىڭ مەلۇم خەنزۇچە خېتىنى قىستۇرۇپ چاپ-لاپ قويغان. خەنزۇچە خەت بىلمەيدىغان بىچارە پۇقرا-لار يۇقىرىقىدەك ياسالغان ساختا پۇللارغا چېرىكلەرگە مال سېتىۋەرگەن، ئاخىرىدا، بۇ پۇللارنىڭ قىممىتى تامامەن يوقىلىپ، ھەر ئىككىلىسى ساختا پۇل دەپ ئېلان قىلىنغان. لېكىن، ۋەھشىي چېرىكلەر يەنە ساختىلىقتىن قول ئۈزمەي، پۇقرا سودىگەرلەرنى بوزەك قىلغان، زۇلۇمغا چىدىمىغان سودىگەرلەر تىجارەتنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغان.

ئەھۋال شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، پۇلغا بولغان ئېھتىياج خەلقنى قىيناۋەرگەنلىكتىن، ھۆكۈمەت شىمالىي شىنجاڭدا ئۆتىدىغان «سىڭ فىيۇ» تىيىزنىسىنى جەنۇبتىمۇ ئىشلىتىشكە يول قويغان. بىر سەر «خا فىيۇ»غا توت سەر «سىڭ فىيۇ» ئالماشتۇرۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، شىمال-نىڭ پۇلى جەنۇبقا كۆپلەپ كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنقىلاب ئالقۇنى جەنۇبقىمۇ تۇتىشىپ، قەشقەردە بۇ ئالقۇننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، دەماللىققا كۈچ يېتىشمىگەن-لىكتىن، جەنۇبتىكى ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ دىۋىزىيە قوماند-انى جىن شۇچى (جىن شۇرېننىڭ 2 - ئىنىسى) ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، جىن شۇچىنىڭ ئورنىغا قوماندان بولغان ماشاۋۇ يۇرت - يۇرتقا چېرىك ئالۋىڭى سېلىپ، يىغىل-غان پۇللارنى ئۇدۇللۇق شىمالغا ماڭدۇرغان. بۇنىڭ بىلەنمۇ

ھاكىمىيەت پۈت تىرەپ تۇرالىماي، 1933 - يىلى 4 - ئايدا، جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەن. بۇنىڭ بىلەن «سىڭ فىيۇ» تىيزىنىڭ كۇرسى يەنە تۆۋەنلەپ ئۆتمەس بولۇپ قالغان، ھەتتا كىشىلەر بۇ پۇلنى «لەگپاي» ① دەپ ئاتاپ، مازاق قىلىشقان.

1933 - يىلى 5 - ئايدا، قەشقەر شەھىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن مەزگىلدە، بازار ۋە مال باھاسى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق يەنىلا ئېغىر ئىدى، كېيىن بەزىبىر تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، بازار ۋە مال باھاسى تەرتىپكە چۈشۈپ، مال مەنبەسى بىر قەدەر كېڭەيدى باھا بارا - بارا تۆۋەنلىدى، چۈنكى، بۇ چاغدا شىمالدىن كەلگەن قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ قولىدا پۈتۈنلەي «سىڭ فىيۇ» تىيزىسى بولغانلىقتىن، تۆمۈر سىجاڭ «سىڭ فىيۇ» تىيزىسىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بەش سەر «سىڭ فىيۇ» تىيزىسىنى بىر سەر «خا فىيۇ» تىيزىسى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقارغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا، قەشقەردە قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەت (ۋالىي مەھكىمە) باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن يۈنۈسبەگ سەئىدى يېڭى پۇل قۇيۇش ئىشىنى كەڭ كۆلەمدە باشلىغان. يېڭىدىن قۇيۇلغان پۇللار - بىر سەرلىك كۈمۈش پۇل، ئون داچەنلىك ۋە 20 داچەنلىك مىس پۇل بولۇپ، ۋەزنى جەھەتتە بۇرۇنقى پۇللاردىن كىچىك ئىدى.

1933 - يىلى 8 - ئايدا خۇيزۇ ماجەنساڭ بىلەن قىرغىز ئوسمان ئەلى بىرلىشىپ قۇرغان تەشكىلات تەرىپىدىن تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرى

① لەگپاي - پارچە «توكۇر ئاياغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سەككىز كۈن خۇيزۇلارنىڭ قولىدا ئۆتكەن؛ بۇ مەزگىلدە خۇيزۇ ئەمەلدارلىرى ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىكى مەبلەغلەرنى يېڭىشەھەرگە توشۇپ كەتكەن، ئەمما ئۇلار يېڭىدىن قۇيۇلغان پۇللارنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇچە ئۇيغۇر - قىرغىز بىرلەشمىسى شەھەرنى خۇيزۇلاردىن تارتىۋالغان. بىراق، بىر قىسىم بۇلاڭچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەزىنىدىكى مال ۋە پۇللارغا قوشۇپ يېڭى قۇيۇلغان پۇللارنىمۇ بۇلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن يېڭى پۇل ئىشلىتىلمەي تۇرۇپلا يوقاپ كەتكەن، خەلق قولىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە ئانچە - مۇنچە ساقلىنىپ قالغان، ھازىرمۇ قىسمەن ساقلانماقتا.

1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خۇيزۇ ماجەنساڭغا قارشى يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسى جېڭى بارلىققا كەلگەن، ماشاۋۇ يېڭىشەھەردە يەنىلا دوتەيلىككە تىكلەنگەن بولۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە تەمىنلەش ئۈچۈن «ياغ تىيىن» دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز پۇلنى چىقارغان. بۇ خىل پۇل خام سۈرۈپ (يەڭبېيىۋ) نى ياقىغا چىلاش ئارقىلىق ياسالغان بىر سەر ئۆلچەملىكى پۇل بولۇپ، يېڭىشەھەردە مەخسۇس بىر مەزگىل خەجلەنگەندىن كېيىن، 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ (قەشقەر شەھىرى خۇيزۇ قولىغا قايتا ئۆتكەندىن كېيىن) قەشقەر شەھىرىدىمۇ خەجلىنىشكە باشلىغان. لېكىن، قەشقەر خەلقى بۇ پۇلنى تازا ياقتۇرماي، 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە قۇرۇلغان «تۈركىستان ھۆكۈمىتى» تەرىپىدىن چىقىرىلغان قەغەز

پۇل (ئاق تىيزا) ① نى خەجلەشكە باشلىغان، ئومۇمەن قىلغاندا، 1933 ــ ، 1934 ــ يىللىرى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇللار ــ «خافىيۇ»، «سىكفىيۇ»، «ئاق تىيزا»، «ياغ تىيزا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. پۇللاردىن «خافىيۇ» ۋە «سىكفىيۇ» 1939 ــ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئىشلىتىلگەن. «ئاق تىيزا»، «ياغ تىيزا»لار 1934 ــ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

1939 ــ يىلى ئۈرۈمچىدىكى «يېڭى ھۆكۈمەت «يۈەن» ياكى «دوللار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۈەن، ئۈچ يۈەن، بەش يۈەن، بەش پۇڭ، ئون پۇڭ، 20 پۇڭ ۋە 50 پۇڭلۇق قەغەز پۇلنى چىقارغان بولۇپ، بۇ خىل پۇل 1940 ــ يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مۇستەقىل خەجلىنىشكە باشلىغان. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە بۇ خىل پۇل يەنىلا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، مەركەز ۋە ئۆلكە تەرىپىدىن چىقىرىلغان «دۆلەت پۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە خىل پۇللار ئارقا ــ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆلچەم مىقدارىدىكى كۆپلۈك سەۋەبىدىن پۇل پاخاللىقى يەنە پەيدا بولغان، بۇ ئەھۋال تاكى شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن خەلق پۇلى (ھازىرقى خەجلىنىۋاتقان پۇل) بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل پۇل خەلقنىڭ ئېلىم ــ سېتىم ئىشلىرىدا ئوڭايلىق يارىتىش بىلەن بىرگە، تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ مۇقىملىق سۈپىتىنى ساقلاپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئارزۇلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

---

① ئاق تىيزا ــ خەلق ئىچىدە ئاتالغان ئىسىم.

## قەشقەرنىڭ لەگلەك سەنئىتى

لەگلەك ئۇچۇرۇش ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلار ۋە مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنى روھىي جەھەتتە خۇشال قىلىپلا قالماستىن، سالامەتلىكىنى ئاسراشتىمۇ مەلۇم رولغا ئىگە. چۈنكى، لەگلەك ئۇچۇرغاندا، لەگلەك ئۇچۇرغۇچى ھەم تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى سۈزۈك ئاسمانغا زوق بىلەن قاراپ تۇرىدۇ-دە، كۆزلەر غۇبارسىز نۇرلاردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىدۇ. لەگلەك ئۇچۇرۇش پەيتىنىڭ ئەتىياز قىلىپ تاللىنىشىمۇ ئەنە شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى، قىش مەزگىلىدىكى تۇتۇق ھاۋا ۋە قاراڭغۇ ئۆيلەردە تۇرۇپ تولۇق يورۇقلۇققا تەشنا بولغان كۆزلەر باھاردىكى ئوچۇق ھاۋادىن تولۇق لەززەتلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟!

قەشقەر ئاسمىنىدا ھەر خىل لەگلەكلەرنىڭ پەرۋاز قىلىشى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى باش باھار كېلىشى بىلەنلا كۆزنى چاقنىتىپ، كۆڭۈللەرنى خۇش قىلىدىغان ھەر خىل رەڭ ۋە شەكىلدىكى لەگلەكلەر مەنزىرىسى كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلاتتى، سىنچىلاپ قارىغانسېرى، ھەر خىل ھەجىمدىكى

«بېلىق» لار ھاۋادا پىلتىڭلايتتى، ھەر خىل شەكىل ۋە
ھەر خىل رەڭدىكى «چوكان سېكىلەك» لەر ئۆز جىلۋى-
لىرىنى كۆرسىتىپ، گويا ئەپسانىلاردىكى «كوھى قاپتىن
چىققان پەرىزات» لاردەك كۆك ئۈستىدە جەۋلان قىلاتتى،
ئادەملەر شەكلىدە ياسالغان لەگلەكلەر گويا ئىككى
قولىدا تۇغ (بايراق) كۆتۈرۈپ، ھاۋانى قاپلىۋالماقچى
بولغان قارا بۇلۇت كۆكسىنى يارىدىغان پالۋان قىياپى-
تىدە ھاۋا بوشلۇقىدا كۆكرىكىنى كېرىپ ئىلگىرىلەيتتى؛
ئۇندىن باشقا، «چاقپىلەك»، «غارقىراتما» دەپ
ئاتىلىدىغان تۈرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك تۈسىنى نا-
مايان قىلىپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەيتتى. «غارقىراتما»
دەپ ئاتىلىدىغان لەگلەك ئەگەر كۈچلۈكرەك شامال
ياكى بوران چىققان كۈنلىرى ئۇچۇرۇلىدىغان بولسا،
ئۇنىڭدىن چىققان كۈچلۈك «غار-غار» ئاۋاز خۇددى
نەرە تارتىپ كېلىۋاتقان سانسىز قوشۇننى ئەسلىتەتتى.
تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ بەك مەپتۇن قىلىدى-
غىنى «كېپە» ① لەگلىكى بولۇپ، ئۇ، ھاۋا بوشلۇقىدا
ئايدا - سايدا كۆرۈنۈپ قالاتتى. لەگلەك قانچىكى ئېگىز
ئۇچۇرۇلغان ياكى قانچىكى يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى،
ئۇنىڭدىن چىققان شۇنچە كۈچلۈك ئاۋاز خۇددى ئاسماندا
پىرقىراۋاتقان بومباردىمانچى ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىدەك
قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ خىل لەگلەكنىڭ
ئاساسلىق ماتېرىيالى — خوتەننىڭ رەڭمۇ رەڭ بويال-
غان قېلىن قەغىزى بىلەن يېكەن ئىدى.

① كېپە — زۇشلارنىڭ بىر تۈرى.

لەكلەك ھەققىدە بولۇنغان مۇنداق كىچىككىنە بىر
سۆھبەت تاھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ : مېنىڭ ياش
ۋاقتىم، يەنى 30 - يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى
ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ھاۋا بوشلۇقىغا
قاراپ ھاياجانلىنىۋاتقان ئىككى نەپەر ئۆزبېك ئوشتۇم
تۇت كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ
قىلىشىۋاتقان گەپلىرى، قۇلىقىمغا ئېنىق ئاڭلىنىپ
تۇراتتى :

— ھەي، بەچچىغەر! قارا، خۇددى ئايروپىلاننىڭ
ئۆزىغۇ. شۇڭغۇشلىرى، غارقىراشلىرى... خۇددى پەرغا
ىدا بىز كۆرگەن ئايروپىلانىدەكلا، ھە!

— بۇ قەشقەرلىكلەر① ئايروپىلاننى قاچان كۆرگەن
ئىدىكىنا؟ بۇ بادپەرەكنى② بەئەينى ئايروپىلانىدەكلا
ياساۋېتىپتۇ...

— ..............

مەن ئۇلارنىڭ ئاسمانغا قاراپ قىلىشىۋاتقان بۇ
سۆھبىتىدىن ئانچە ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدىم. چۈنكى، ئۇلار
نى مۇنچىۋالا ھەيران قالدۇرۇۋاتقان بۇ نەرسە ئەس
لىمدە ئۇزاق يىللاردىن بېرى باھار مەزگىلىدە قەشقەر
ئاسمىنىدا ئانچە - مۇنچە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى
«كىپە» لەكلىكى ئىدى.

لەكلەك ئۇچۇرۇش — ئېلىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ

---

① قەشقەرلەر — قەشقەرلىكلەر دېگەن مەنىدە.
② بادپەرەك ئۆزبېكچە سۆز بولۇپ ئويغۇرچە «لەكلەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

تارىخىي ئەنئەنىسى ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنى ياسىغان ئۇستىلارمۇ تارىخىي مەدەنىيەت ۋارىسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىي تالانتى ۋە ماھارىتى قىسمەن ھاللاردا تىلغا ئېلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن يۇقىرى ماھارەت ۋە تالانتتىن بەرپا بولىدىغان «كېيە» لەگلىكى لەگلەك ئۇچۇرۇش ھەۋەسكارلىرى قولىدا كۆرۈنمىگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، «كېيە» لەگلىكى ۋە باشقا مۇرەككەپرەك لەگلەكلەرنى ياسىيدىغان نىياز ھاجىمدەك ئۇستىلارنىڭ ھازىر بولمىغانلىقىدا.

نىياز ھاجىم قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەنجان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئائىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ «نىياز ھاجىم سېكىلەك» (بېشىغا كىچىككىنە قويۇلغان سېكىلەك چېچى خېلى چوڭ بولغۇچە چۈشۈرۈۋېتىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن شۇنداق دېيىلەتتى) دەپ ئاتىلاتتى ھەمدە تەسەۋۋۇپ خانىقاسىنىڭ شېئىرىي غەزەلخانلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن نىياز ھاجىم «ھافىز» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ 90 نەچچە يىللىق ھاياتىنى نەغمە - ناۋا ۋە كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ھەر يىللى باھار كېلىشى بىلەن لەگلەك ياساشمۇ بۇ پائالىيەتلەرنىڭ بىر تۈرى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان ۋە بەزىلەرنى ھەيران قالدۇرغان «كېيە» لەگلىكىنىڭ بىردىنبىر ياسىغۇچىسى ئىدى. نىياز ھاجىمنىڭ بىر نەچچە شاگىرتلىرى ئۇستاز كەسپىگە يېقىنقى يىللارغىچە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن تەڭ «كېيە» لەگلى-

كىمۇ كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. بۇ، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىچىدىكى بىر يوقىتىش. ئەۋلادلار، ئەجداتلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى بېيىتىش بىلەن بىر چاغدا، قەشقەر ئاسمىنىدىكى لەگلەك سەنئىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.